1994 3



ئىسمائىل ئەھمەد بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا
قويۇش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ
تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدە توختالدى

زاڭزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ
ئولتۇرۇشلۇق جايلىرى

مىللىي ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ

دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

ISSN 1002-9184

# چەكسىز غەمخورلۇق، كاتتا مەرىكە، دۆلەت ئىشلىرىنى بىرلىكتە كېڭەشىش

▷ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد شىنجاڭ ۋەكىللىرى ئارىسىدا.



▽ ۋەكىللەر گۇرۇپپا مۇزاكىرىسىدە



بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە پايتەختىمىز بېيجىڭدە 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 - يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ھەر مىللەت ۋەكىللىرى پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭەشتى.

▽ ئاتاغلىق سەنئەتكار ئايتىللا قاسىم، كېرىم ئابدۇگۈل ۋە سېرىنىڭ ئارتىسى روشەنگۈل قاتارلىقلار «ئىككى يىغىن» مەزگىلىدە.





ئۇردى مەتنىياز خەۋىرى ۋە فوتوسى




**بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،**

**ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.**

● **«ئىسمائىل ئەھمەد بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدە توختالدى»**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، مىللىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە ۋە يېڭى يۈزلىنىشلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە باب كېلىدىغان تەدبىر-چارىلەرنى قوللىنىشىمىز كېرەك. مانا بۇلار دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم قاراش، بۇ قاراشنىڭ تەپسىلاتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز «ئىسمائىل ئەھمەد بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدە توختالدى» دېگەن ماقالىنى كۆرۈپ چىقىڭ.

● **«زاڭزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى»**

سىز «بوبا»، «تىبەت»، «ئۇسىزاڭ»، «تۇبۇت»، «تاڭغۇت»، «شىزاڭ» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ قانداق ئىلمىي ئالاقىسى بارلىقىنى بىلەمسىز؟ سىز قېرىنداش مىللەتلەردىن بولغان زاڭزۇلار يەنى تىبەتلەرنىڭ ئېتنىكى، دىن ئېتىقادى، تىل-يېزىقى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونوم جايلىرى ھەققىدە قانچىلىك بىلىسىز؟ ئەگەر بۇ سوئاللارنىڭ تولۇق جاۋابىغا ئېرىشكىڭىز بولسا «زاڭزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى» دېگەن ماقالىنى كۆرۈپ چىقىڭ.

● **«مىللىي ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ»**

بىر مىللەت، بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا مىللىي ئاڭنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە تىكلىنىشى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى نىشانىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ: چۈنكى، ھەرقانداق بىر مىللەت ياكى دۆلەت تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن ئورتاق ئەنئەنىۋى ئاڭ بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە ئەنە شۇ مىللىي ئاڭ گەۋدىسى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر مۇشۇ مەسىلىلەرگە قىزىقسىڭىز «مىللىي ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ چىقىڭ.



● **«دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى»**

«دولان» دېگەن ئاتالغۇنى كۆپ ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى بىلىشكىمۇ قىزىقىدىغانسىز. بولۇپمۇ تۇرمۇشنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان توي ئادەتلىرى كىشىنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدۇ. دولان خەلقىنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان توي ئادەتلىرىنى بىلمەكچى بولسىڭىز «دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى» دېگەن ماقالە سىزگە بۇ جەھەتتىكى ساۋاتلارنى يەتكۈزىدۇ.

# مۇندەرىجە


## مىللەتلەر مۇنبىرى

ئىسمائىل ئەھمەد بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدە توختالدى .......................... (4)

## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىسى

ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قانائەتلەندۈرۇش، مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى .... (8)

ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى ... .......................................................................................... (14)

مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا مۇلاھىزە ................ (16)

## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار

ئاگزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى .......................... (21)

## مىللىي سىياسەتنى ساۋات

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ئۇقۇمى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقى ....... (27)

## نەزەرىيە ۋە مۇھاكىمە

مىللىي ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ .................................. ئابدۇكېرىم راخمان (29)

## مىللەت ۋە ئۆرپ-ئادەت

ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ئىسلام دىن قائىدىلىرى بىلەن بولغان پەرقى ۋە باغلىنىشى ... ...................................................... ئابدۇۋەلى ھامۇت (33)

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى .......................... مۇتەللىپ سىدىق (37)

دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى .......................... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم (48)

## مىللەت خەزىنىسى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن نەسرىي ۋە تەرجىمە ئەدەبىي ئەسەرلەر ..... .......................................................... ئىمىنجان ئەخمىدى (40)

چورۇق .................................................... ئەخمەتجان مەتقۇربان (42)

مېھماندارچىلىقتا ئائىت ئەقەللىي ساۋاتلار .......................... ئابدۇزاھىر تاھىر (43)

شىنجاڭنىڭ ئۈزۈمچىلىك تارىخى .......................... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (45)

ئېرىگە ئېلىپ داۋالاش .......................... ئەھەتباقى مەتنىزەر (56)





دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

(ئومۇمىي 34 ـ سان)

باش مۇھەررىر:

ئىدرىس بارات

(تېلېفون: 234567)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

ئەكبەر ئېلى

(تېلېفون: 237021)

بۇ ساننىڭ نۆۋەتچى تەھرىرى:

خەمىت نىغمەت


## كېيىنكى ساندىكى مۇھىم ئەسەرلەر

● بازارغا ماسلىشىپ مىللىي ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرايلى

● ئۆزبېكلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى



# مۇندەرىجە


مىللەتلەر ئىتتىپاقى

民族团结

ۇلتتار ىنتىماعى

민족단결

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللار نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ) پوچتا نومۇرى: 830000
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
تاق ئايلارنىڭ 25 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
ھەر يىلى 5 ـ ۋە 10 ـ ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ۋەكالەت نومۇرى: 117 ـ 58
خەلقئارالىق پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:
BM 178U


## دۇنيا مىللەتلىرى


دۇنيا ئانتروپولوگلىرىنىڭ تەنتەنىلىك يىغىنى .............................. (52)
ئىندىئانلار ۋە ئات .............................. (54)
يىگىتلەر سېتىلىدىغان غەلىتە بازار .............................. (36)


## تەرمىلەر


ئىستېمال بېجى دېگەن نېمە؟ .............................. (13)
ئىستېمال بېجىنى تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈتنىگۈچىلەر قايسىلار؟ .............................. (13)
قوشۇلما قىممەت بېجى دېگەن نېمە؟ .............................. (47)


## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب


ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دۇنياغا كەلگەنلىكى ئادەم يىغلاپ تۇغۇلىدىكەن، نېمىشقا بىرەرسىمۇ كۈلۈپ تۇغۇلمايدۇ؟ قانارلىق سەككىز سوئالغا بېرىلگەن جاۋاب .............................. (57)


## كۈلكە خۇرۇچلىرى


يۇمۇرلار .............................. (58)، (59)
قىسقا دوكلات (ھەجۋىي رەسىم) .............................. (63)


## مۇشتەرىلاردىن خەت


بىز «ھەممىدىن ياخشىسى» ـ سىلەرنى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى تاللىدۇق! .............................. روزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان، ئابدۇرېھىم زۇنۇن، نۇرمۇھەممەت توختى (60)
«ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ماۋزۇلۇق شېئىر توغرىسىدا .............................. ھۈسەيىن ئەبەيدۇللا (61)


## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى


مۇقاۋىدا: بېيىش يولىدا .............................. ياڭقۇن ھابىل فوتوسى
2 ـ بەتتە: چەكسىز غەمخورلۇق، كاتتا مەرىكە، دۆلەت ئىشلىرىنى بىرلىكتە كېڭىشىش .............................. تۇردى مەتنىياز خەۋىرى ۋە فوتوسى
3 ـ بەتتە: بۇركۇت نەي .............................. لوخۇڭ سىزغان
ئوتتۇرا رەڭلىك بەتتە: يىن داۋلۇ فوتو سۈرەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما ...
ئوتتۇرا قارا بەت 1 ـ دە: جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا بازارلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر ... دۇشۇچۈەن فوتوسى
ئوتتۇرا قارا بەت 2 ـ دە: ئەلى ئابدۇرېھىم ھۆسن خەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما ...
4 ـ بەتتە: «ئىنتىزارلىق» .............................. يوۋ فېيچىڭ فوتوسى




● مىللىي مەدەنىيەت ۋە مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى

● ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

● قىرتاق جاكالار

● ئەرەبلەر ۋە ئەرەب تىلىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى

# ئىسمائىل ئەھمەد بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەققىدە توختالدى

»سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئازسانلىق مىللەتلەرگە ۋە ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟»، «ئىلگىرى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىغا بېرىلگەن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا بىكار قىلىنىۋېتىلەمدۇ؟ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش ۋەجىدىن ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرقى بارغانسېرى زورىيىپ كېتەمدۇ؟»، «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى قانداق مۇستەھكەملىنىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ؟»

خۇبېي ئۆلكىسى ئېنشى تۇجيا - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش ھارپىسىدا، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد 1993-يىلى 11-ئاينىڭ 29-كۈنى مۇشۇ ئوبلاستنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم نۇرغۇن كىشىلەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يۇقىرىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدى.

مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دېدى: «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش - ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىش. شۇڭا نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئالدىمىزغا قويۇلماقتا. ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت شارائىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتى باشقا رايونلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقى سەۋەبلىك، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونى بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن پايدىلىق پۇرسەتكە ئىگە بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، باشقا رايونلار دۇچ كەلمەيدىغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇشىمۇ مۇمكىن.» مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كونكرېت تەھلىل قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: «بىرىنچىدىن، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى كارخانىلارنىڭ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش جەھەتتىكى ساپاسى بىر قەدەر ياخشى، لېكىن بىر پۈتۈنلۈكتىن ئېيتقاندا بىر قەدەر ناچار، شۇڭا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىش ئۈچۈن باشقا رايونلارغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، بازار قۇرۇلۇشىدىن ئېيتقاندا، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ بازار قۇرۇلۇشى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ناھايىتى تېز راۋاجلانغان بولسىمۇ، يېتىلىش دەرىجىسى تېخى تۆۋەنرەك. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازار ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، بازار رىقابىتىنىڭ بېسىمى چوڭ بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونى

ئىقتىسادىي ئاساسىي نىسبىي ئاجىز بولۇش ۋەجىدىن، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلىشىگە تېخىمۇ كۆپ مۇھتاج بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش كۈچى ناھايىتى چەكلىك. تۆتىنچىدىن، تەقسىمات تۈزۈمى جەھەتتىن قارىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ. تەقسىماتتا ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ھەم تەقسىماتنىڭ ئادىل بولۇشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش جەھەتتە بەزى كونكرېت قىيىنچىلىقلار پەيدا بولىدۇ. بەشىنچىدىن، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئورنىتىشتىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئورنىتىش ماددىي ئامىللارنى ئارقا تىرەك قىلىدۇ، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرغان، ھۆكۈمەت زۆرۈر مالىيە كۈچىگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ياخشى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ئورناتقىلى بولىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بۇ جەھەتتە چوقۇم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىشى لازىم. يۇقىرىدىكىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئەھۋالى، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، بىز ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى يۈزلىنىشلەرنى، پايدىلىق شارائىتلارنى ۋە پايدىسىز ئامىللارنى تەتقىق قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىشتىكى ئارزۇ ۋە تەلەپلىرىنى ئىگىلەپ، ھەممىدە ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەدبىر ۋە قەدەم - باسقۇچلارنى قوللىنىشىمىز لازىم.»، «باشقا رايونلارنىڭ ئۇسۇل، تەجرىبىلىرىنى ئۆلۈك كۆچۈرۈۋېلىشقا، ئىشتا ئاددىي ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.»

مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا بەرگەن ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى تەسىرگە ئۇچرامدۇ-يوق؟ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ باشقا رايونلار بىلەن بولغان پەرقى بارغانسېرى زورىيىپ كېتەمدۇ-يوق؟ دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «مۇنداق ئەندىشىلەر ئورۇنسىز ئەمەس، ئەمما بىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ھەم تېز، ھەم ياخشى راۋاجلىنىدىغانلىقىغا ئاساسىمىز، ئىشەنچىمىز بار. بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش بىلەن مىللىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە زىت ئەمەس. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز بېيىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار»ىدا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش لازىملىقى ئېنىق كۆرسىتىلدى. شۇڭا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ياكى بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش بولسۇن، مىللىي سىياسەتنى ئىجرا قىلىش بىلەن ھەرگىز قارىمۇ-قارشى ئەمەس، ئىككىسىنى چوقۇم ناھايىتى ئوبدان ماسلاشتۇرۇش لازىم ھەم شۇنداق قىلغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، مىللىي سىياسەتنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى تەڭشىلىدۇ، تولۇقلىنىدۇ، يېڭى ئەھۋالغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى ئۆزگەرتىلمەيدۇ.»

مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد ئېنىشى ئوبلاستىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى كۆزدىن

كەچۈرۈش جەريانىدا، خۇبېي ئۆلكىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئېنشى ئوبلاستىنىڭ ئىسلاھاتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە سىياسەت جەھەتتە ھەر تەرەپلىمە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى ئۆقتى ھەم بۇنى ماختىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىر مىللەتنىڭ، بىر رايوننىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشكە، ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىقى، ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا باغلىق. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەتنىڭ يار-يۆلەك بولۇشى، تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ياردەم بېرىشىگىمۇ توغرا كېلىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى زۆرۈر بولماقتا.» مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا مەركەزنىڭمۇ، جايلارنىڭمۇ ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىملىقى ئېيتىلغان. تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا يار-يۆلەك بولۇش ئۈچۈن مەركەزنىڭ جايلارغا كىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىش تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويۇش، نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش بويىچە ئېچىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن نامرات رايونلار ئارا كادىر ئالماشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كېڭەيتىش، ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشكە رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق كونكرېت تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.»

مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىنى كۈچەيتىشىگە ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى؛ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرى ئۆز نۆۋىتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا مۇستەھكەم ماددىي ئاساس ياراتتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. بىز مۇشۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ھەر بىر ئىشنى ئۆز تەرەققىيات يۆنىلىشى بويىچە يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.»

مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېدى: «پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلدى. بۇ گەرچە بىرلا جۈملە سۆز بولسىمۇ، ئۇ نۇرغۇن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇ جەھەتتە ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلار كۆپ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە ئوبدان ئىشلەشكە تېگىشلىك ئاز دېگەندىمۇ مۇنداق ئۈچ ئىش بار: 1) ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئوبدان يۈرگۈزۈش مەسىلىسى. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىدا، بولۇپمۇ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە

ھوقۇقىدا مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولدى. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»دىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا دائىر مەزمۇنلارنىڭ كۆپىنچىسى دۆلەت پىلانى تۈزۈلمىسى شارائىتىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن. ھازىر ئەھۋالدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئەمدى ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈشى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەش-تىزگىنلىشى ۋە بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا قانداق يۈرگۈزۈشكە ئۆزگەردى. شۇڭا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى شارائىتىدا مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرىنى قانداق يۈرگۈزۈشى ناھايىتى مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. 2) مەمۇرىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەسىلىسى. ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاپپارات تەسىس قىلىش مەسىلىلىرى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەردۇر. «ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋاقىتلىق نىزامى»نىڭ بىر ماددىسىدا مىللىي ئاپتونوم جايلار ۋە مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ھۆكۈمەت خادىمى قوبۇل قىلغاندا ئازسانلىق مىللەت يۇقىرالىرىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بەرسە بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. مۇشۇ بەلگىلىمىنى ئەمەلىي خىزمەتتە قانداق ئىجرا قىلىشمۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. ۋەھالەنكى، بۇنىڭدا يەنىلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزىنى خوجا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. 3) مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەيدىغانلا تۈزۈم بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدىغان تۈزۈمدۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش جەريانىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ تۈزۈمنى ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈش رولى ۋە تۈرتكىلىك رولىغا ئىگە قىلىشىمىز لازىم.»

مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد يەنە ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدىمۇ توختالدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇش — مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى. شۇڭا بىز ئازسانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ سانىنى داۋاملىق كۆپەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ سۈپىتىنىمۇ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلىشىمىز، ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى ۋە پەن-تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە، ئوتتۇرا، ئالىي دەرىجىلىك كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. ھازىر بار بولغان كادىرلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز لازىم.»

مۇدىر ئىسمائىل ئەھمەد ئاخىرىدا ئېنىشى ئوبلاستىنىڭ ئون يىلدىن بېرى قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى، مەملىكىتىمىزدىكى بۇ ئېك ياش ئاپتونوم ئوبلاستقا بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلدى.

(ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى جىبك چىيەن)

(ئۆمەر مامۇت - ت)

تەھرىرى: خەمىت نىغمەت

# ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتلاممۇ قاتلام تۇتۇپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى

— دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى **چېن خۇڭ**

ئېلىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇقلارنى بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئۈچۈن شەرىپلىك ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىسىدا، ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە چوقۇم يېپيېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

**بۇ يىللىق خىزمەتنىڭ ئاچقۇچى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتلاممۇ قاتلام تۇتۇشتا**

بۇ يىللىق ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي يېتەكچى ئىدىيىسى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قىبلىنامە قىلىپ، پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى ۋە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي ھەيئىتى يىغىنىنىڭ يېقىندا ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە بەرگەن يوليورۇقلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېت چاقىرغان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى داۋاملىق ئورۇنداشتىن ئىبارەت. بۇ يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا كەلسەك، يولداش ئىسمائىل ئەھمەد دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويغان 1994-يىلىدىكى 12 تۈرلۈك ۋەزىپە ئىنتايىن مۇھىم، ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئۇلارنى چوقۇم تۈرمۇتۈر ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تۈرلۈك خىزمەتلەردە، بىرىنچىدىن، ئومۇميۈزلۈك تۇتۇش، تۈرمۇتۈر ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن مەركىزىي ھالقىنى، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، ئومۇمىي خىزمەتنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بۇ 12 تۈرلۈك ۋەزىپىنىڭ مەركىزىي، مۇھىم نۇقتىسى ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش، مۇقىم تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت. بەزى يولداشلار ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش، مۇقىم تەرەققىي قىلىش ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئاساسىي تېمىسى ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ «ئىككى سۆزلۈك قانچىسى» دېيىشىۋاتىدۇ. قىسقىسى بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە سىڭدۈرۈلگەن بىر قىزىل يىپ. بۇ قىزىل يىپنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى تۈرلۈك خىزمەتلەر داۋامىدا ئىزچىللاشتۇرغاندا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەر جەريانىغا سىڭدۈرگەندە، تۈرلۈك ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتقىلى، بىر- بىرى بىلەن تۇتاشتۇرغىلى، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتكىلى، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە دۆلەتنىڭ بىرلىكى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ۋە زور تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. شۇڭا، كونكرېت خىزمەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گوۋۇيۈەن چاقىرغان 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلەش بۇ يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈش جەريانى ئەمەلىيەتتە تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانى، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىنى تەشۋىق قىلىپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، مۇقىملىق بىلەن تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش جەريانى.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن، 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى بۇ يىل 9-ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلىدۇ. يىغىننىڭ ئاساسىي قارالمىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ئىشلىرى داۋامىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئىلغار

كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەپ، ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە كېڭەيتىش؛ يىغىندا مەركىزىي كومىتېتنىكى رەھبىرىي يولداشلار مۇھىم سۆز قىلىدۇ.

بۇ يىل دەل يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقى ۋە «جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقى، شۇڭا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 45 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى بىلەن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. يولداشلار قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تېز ھەرىكەتكە كېلىپ، خىزمەتلەرنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك. جامائەت پىكرى، تەشۋىقات قاتارلىق خىزمەتلەر ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش پائالىيىتىنى تۈرلۈك ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەستايىدىل ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى باھالاپ چىقىش سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىكنى تەلەپ قىلىدىغان ناھايىتى كونكرېت خىزمەت. ئۇنى چوقۇم پۇختا، ئەستايىدىل ئىشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. بۇنىڭدا بىرىنچىدىن، ئىشنى تەشكىللىي، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىش؛ ئىككىنچىدىن، ئاممىغا تولۇق تايىنىپ، كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئىش - ئىزلىرى گەۋدىلىك بولۇشى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، سىناقتىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئىلغارلىقى ۋە تىپىكلىكىگە ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن سانغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە مەسئۇل بولۇپ نامزاتنى بېكىتىشى، نامزاتنى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا تەسىس قىلىنغان كوۋۇيۇەن تەقدىرلەش پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىغا يوللىشى كېرەك. ۋەكىللەر چوقۇم كەڭ ئاساسقا ئىگە بولغان بولۇشى جۈملىدىن ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى سەپ، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى كەسىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولغان بولۇشى كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ ۋەكىللەر سانى مۇۋاپىق نىسبەتنى ئىگىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەلۇم ساندا ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئاياللار ۋەكىللىرىنى سايلاش، ئايرىم مىللىي تەركىبىي بار جايلار شۇ مىللەتنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە دىققەت قىلىشى كېرەك.

**ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك**

جايلارنىڭ تەجرىبىلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا تايىنىش كېرەك:

بىرىنچى نۇقتا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە تايىنىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۇەن ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي ھەيئىتى يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلغانلىقى ۋە بۇ ھەقتە يوليورۇق بەرگەنلىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مىللىي مەسىلىگە ماركسىزملىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ. جايلاردىكى پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ۋە ئۇنى قوللىدى. جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس، ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس؛ ئەلۋەتتە.

يېقىن مەزگىلدە، يولداش ئىسمائىل ئەھمەد يېقىنقى قاتناشقان 11 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە مەسئۇل رەھبىرىي يولداشلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، قانداق قىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش مەسىلىسى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە باردى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئەھۋال ۋە تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مەدەت بېرىش. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، باشقا ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ رەھبىرىي يولداشلىرى گەرچە يىغىنغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، لېكىن جايلارنىڭ دوكلاتلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە چوقۇم تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى تېخىمۇ قوللايدۇ. پاكىت شۇنىمۇ ئىسپاتلىدىكى، قەيەرنىڭ رەھبەرلىكى ئەھمىيەت بەرگەن بولسا شۇ يەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جانلىق ئىشلەنگەن.

ئىككىنچى نۇقتا، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە ماسلىشىشىغا تايىنىش كېرەك. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى كومىتېت ئەزالىق تۈزۈمىنى يولغا قويىدىغان، گوۋۇيۈەننىڭ مىللەتلەر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان فۇنكسىيىلىك تارمىقى. كومىتېت ئەزالىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۈزۈلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۈستۈنلۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بەزى مىنىستىرلىكلەر ۋە كومىتېتلار گەرچە كومىتېتقا ئەزا بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارمۇ خىزمىتىمىزگە ناھايىتى زور مەدەت بەردى. يېقىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە بەرگەن دوكلاتنى تېخىمۇ ياخشى ئۇنۇملۈك ئىشلەش ئۈچۈن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسى ئىككى قەدەملىك تەدبىرنى قوللاندى. بىرىنچى قەدەمدە، دوكلات قىلىشتىن بۇرۇن، يولداش ئىسمائىل ئەھمەد مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تۇرۇشلۇق مىنىستىرلىك، كومىتېتلار ۋە ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئەھۋاللارنى ئۇقتۇرۇپ، «دوكلات قىلىش تېزىسى» توغرىسىدا پىكىر ئالدى؛ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار «دوكلات قىلىش تېزىسى» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىغا قارىتا، يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن نۇرغۇن ئۇبدان پىكىرلەرنى بەردى. ئىككىنچى قەدەمدە، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي ھەيئىتى يىغىنى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغان ھەمدە بۇ ھەقتە مۇھىم يوليورۇق بەرگەندىن كېيىن، يولداش ئىسمائىل ئەھمەد ۋاقتىدا جۇڭنەنخەيدە ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلارنىڭ مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئېچىپ، يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى.

پاكىت شۇنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، قەيەردە ھەرقايسى تارماقلار ئوبدان ماسلاشقان بولسا، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى قوللىغان بولسا، شۇ يەردە ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان.

ئۈچىنچى نۇقتا، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ۋە خىزمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ھەردەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى جەھەتتىكى مەسلىھەتچىلەر بۆلۈمى. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى ئۆلچەشتە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتچىلىك، ياردەمچىلىك رولىنى ئۈنۈملۈك ھالدا جارى قىلدۇرغان - قىلدۇرمىغانلىقىغا قاراش ئىنتايىن مۇھىم.

قانداق قىلىپ ياخشى مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى بولۇش كېرەك؟

يولداش ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ دوكلاتى ۋە ئۇنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردىكى پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا، مەن تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تەسىراتقا ئىگە بولدۇم.

بىرىنچى، يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىپ، خىزمەتنىڭ يېڭى پىكىر يوللىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

بۇ يىل ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن پايدىلىق. ۋەزىيەتنىڭ باش تېمىسى يولداش ئىسمائىل ئەھمەد بەرگەن دوكلاتلارنىڭ تېمىسى يەنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئاستىدا، قانداق قىلىپ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى تېخىمۇ ئوبدان ئىشلەش كېرەك. كونكرېت تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە بۇ يىللىق ۋەزىيەتنىڭ مۇنداق تۆت ئاساسىي ئالاھىدىلىكى بار. بىرىنچى ئالاھىدىلىكى، يېڭى يىلنىڭ بېشىدا، مەركىزىي

كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي ھەيئىتى يىغىنى نۆۋەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلاپ ھەمدە بۇ ھەقتە يوليورۇق بېرىپ، بىزگە تىرىشىش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەردى، پۈتكۈل ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى سېپى ۋە كەڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان بىر خىزمەت پۇرسىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ؛ ئىككىنچى ئالاھىدىلىك، بۇ يىل بىر قاتار ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ياكى قويۇلماقچى. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە بىزنىڭ يېڭى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، يېڭى تەدبىرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىزگە ۋە خىزمەت جەھەتتە يېڭى پىكىر يوللىرىنى شەكىللەندۈرۈشىمىزگە مۇھتاج؛ ئۈچىنچى ئالاھىدىلىك، بۇ يىل «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 10-يىلى، ئىككى «نىزام» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 2-يىلى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، قانۇننىڭ مىللىي مۇناسىۋەت ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدىكى رولىغا قارىتا جىددىي تەلەپ قويۇلدۇ؛ تۆتىنچى ئالاھىدىلىك، مۇشۇ يىل ئىچىدە گوۋۇيۈەن داغدۇغىلىق ھالدا 2-قېتىملىق مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى. بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋەزىيەت چوڭ ياخشى، ۋەزىيەت كىشىنى شادلاندۇرىدۇ، كىشىنى قىستايدۇ. مۇشۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا، بىز ئىدىيە، خىزمەت، تەشكىلات ۋە ئىستىل قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈش ھاسىل قىلىدىغانلا بولساق، ئاندىن ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە، ئېغىر ۋەزىپىگە ئۇيغۇنلىشالايمىز.

يېڭى ۋەزىيەت ھەم خىرىس، ھەم كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان پۇرسەت. مەسىلەن، كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، يېڭى ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا چىقىشنىڭ ئالدى - كەينىدە، بىز ئەستايىدىل تەھلىل يۈرگۈزۈپ، قايسىلىرىنىڭ پۇرسەت، قايسىلىرىنىڭ خىرىس ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. پۇرسەت بولسا، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويماي، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ خىرىس ئامىللىرى بولسا، ئۇنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. بۇ خىرىسنى قانداق كۆتۈۋېلىشنى مۇھاكىمە قىلىپ بېقىش كېرەك. يەنە مەسىلەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىلگىرىكى تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى ۋە يار-يۆلەك بولۇش تەدبىرلىرىنىمۇ ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ۋە راۋانلاشتۇرۇپ، يېڭى تۈزۈلمىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلگىرىكى ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان نەرسىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتىش كېرەك، ۋەھاكازالار. بۇ يەردە روھىي ھالەتنى يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئەڭ مۇھىم. شۇڭا ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، قاراشنى يېڭىلاش كېرەك. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، مۇھاكىمە قىلىش ۋە ھەل قىلىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ئىدىيە جەھەتتە بىر بالداق يۇقىرى ئۆرلىيەلەيمىز.

ئىككىنچى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتتىن چىقىش قىلىپ، «شۇ جاينىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش»نى يولغا قويۇش كېرەك.

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاپپاراتلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى، تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش؛ كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشتەك مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش. شۇڭا بىزنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتىمىز 90 نەچچە مىليون ئاز سانلىق مىللەت خەلقىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى 1 مىليارد 200 مىليون ھەر مىللەت خەلقىگە يۈزلىنىش. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەر بىر ناھىيىدە دېگۈدەك ئاز سانلىق مىللەت بار. لېكىن جايلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس. تۈرى بويىچە ئايرىشىمىز بىر قەدەر مۇرەككەپ.

يىرىك ئايرىغاندا، بىر خىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار، بىر خىلى ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلار. نوقۇل ھالدا ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلار ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقانلارنى ئالساق، ئۇلار شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقانلار ۋە يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقانلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. يەنە ئىنچىكىلەپ ئايرىيدىغان بولساق، يەنە بىر مۇنچە ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇھىملىقى ئەنە شۇ يەردە. بۇ خىل مۇرەككەپلىكى بىزنىڭ «شۇ جاينىڭ شارائىتىغا يارىشا ئىش كۆرۈش، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش» پرىنسىپىدا چوقۇم چىڭ تۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا خىزمىتىمىزنى ئاندىن دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرگىلى، خىزمىتىمىزنى قاراتمىلىققا ئىگە قىلغىلى ۋە پۇختا ئىشلىگىلى بولىدۇ. بۇ خىزمەت جەھەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر يېتەكچى ئىدىيە.

ئۈچىنچى، يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە پۇختا خىزمەت ئىستىلى بولۇش، راست گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈم قوغلىشىش كېرەك. جان - دىل بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش كوممۇنىستلارنىڭ مەقسىتى. شۇڭا بىز ئەمەلىي ئىش قىلالايدىغان - قىلالمايدىغانلىقنى، ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان- قىلالمايدىغانلىقنى خىزمەت سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم قىلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىي ئىش قىلىش ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىي ئەھۋاللارنى ئىگىلەش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، ئەھۋاللارنى ئېنىقلاپ، ئەكس ئەتتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىش ۋە ماھىر بولۇش كېرەك. مانا بۇ بىزنىڭ پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇشىمىزنى، يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۆتىنچى، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىگە دىققەت قىلىپ، تەشۋىقات خىزمىتى ۋە ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ ئىككى مەسىلە ئىنتايىن مۇھىم. يولداش جياڭ زېمىن بىلەن لى جىنيۈننىڭ يازما دوكلاتى بار، كۆپچىلىكنىڭ بۇ دوكلاتلارنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىشىنى سورايمەن. بۇ يەردە شۇنى قايتا چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەنكى: ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ سىياسەتچانلىقى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكى كۈچلۈك، بۇ بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي سەۋىيىگە ئىگە بولۇشىمىزنى ھەمدە يېتەكچىلىك قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. چوقۇم توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى بولۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى تۈغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر مىللەت كادىر ئاممىسىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىنى خۇددى ئۆز كۆز قارچۇغىنى قوغدىغاندەك قوغدايدىغان قىلىش كېرەك. كىشىلەردە مۇشۇ خىل قاراش شەكىللەنسە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدا ئاندىن كۈچلۈك جامائەت پىكرى ۋە ياخشى ئەخلاق، پەزىلەت بارلىققا كېلىدۇ، ئاندىن مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

تەشۋىقات خىزمىتى جەھەتتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىكى تەشۋىقات ۋاستىلىرىگە تايىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىمىزمۇ بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىشىمىز، قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈشىمىز، تەجرىبىگە ۋە تىپلارغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن تەشۋىقات بازىسى ۋە ۋاستىسىنىڭ رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى بازىلارنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش، يېڭى ۋاستىلەرنى كۆپەيتىش كېرەك. تەشۋىقاتنىڭ مۇنداق ئىككى ۋەزىپىسى بار. ئاممىغا تەشۋىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى رەھبەرلەرگە ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەگە تەشۋىق قىلىش. يولىيورۇق سوراش، دوكلات قىلىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ۋەھاكازالارنىڭ ھەممىسى تەشۋىقاتنىڭ مەزمۇنى. رەھبەرلەر ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگىلىگەندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى قوللايدۇ. شۇنداقلا ھەر قايسى تارماقلارغا ۋە جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ساھەلەرگە كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىپ، خىزمەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلىگەندىلا، ئاندىن كۆپچىلىكنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقى ۋە مەسىلىسىنى ھەقىقىي چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قاراش بىرلىككە كەلسە، مۇناسىۋەت راۋانلاشسا، تەدبىر تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلسە، ئۇ ھالدا تەشۋىقات خىزمىتى

رولىنى جارى قىلدۇرغان بولىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىدە، ئۇچۇر توپلاش، رەتلەش، يەتكۈزۈش ۋە ئىنكاس قايتۇرۇشمۇ مۇھىم بىر مەزمۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەشكە ۋە ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنى ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. بۇ نۇقتىغا چوقۇم يۇكسەك دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز كېرەك.

تۇرلۇك خىزمەتلىرىمىز ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۇەننىڭ تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنە مەلۇم ئارىلىق بار. بىز ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىلگىرىكىدەك ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەملىشىشىنى ئۇمىد قىلىمىز. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىمۇ ھەمىشە تەشەببۇسكارلىق بىلەن شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە خىزمەتتىن دوكلات بېرىپ، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن پائال تۈردە ھەمكارلىشىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن داۋاملىق بوشاشماي تىرىشىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە، ئازسانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا داۋاملىق مەدەت بېرىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنىمۇ ئۇمىد قىلىمىز. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي ھەيئىتى يىغىنىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنى قىبلىنامە قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ۋەتەننىڭ گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشايلى.

## ئىستېمال بېجى دېگەن نېمە؟

ئىستېمال بېجى جۇڭگو تەۋەسىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمال بېجى ۋاقىتلىق نىزامى»دا بەلگىلەنگەن ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقارغان، پىششىقلاپ ئىشلەتكۈزگەن، ئىمپورت قىلغان ئورۇنلار، شەخسلەرنىڭ مەھسۇلات سېتىش كىرىمى ۋە بەلگىلەنگەن باج نىسبىتى ياكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سانى ۋە بەلگىلەنگەن باج سوممىسىغا ئاساسەن ھېسابلاپ ئېلىنىدىغان بىر خىل باج.

## ئىستېمال بېجىنى تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىگۈچىلەر قايسىلار؟

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەۋەسىدە ئىستېمال بېجى نىزامىدا بەلگىلەنگەن ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقارغان، پىششىقلاپ ئىشلەتكۈزگەن ۋە ئىمپورت قىلغان ئورۇن ۋە شەخسلەر ئىستېمال بېجىنى تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىگۈچىلەر بولىدۇ. بۇ، دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، خۇسۇسىي كارخانىلار، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار، باشقا كارخانىلار ۋە مەمۇرىي ئورۇنلار، كەسپىي ئورۇنلار، ھەربىي ئورۇنلار، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، باشقا ئورۇنلار شۇنىڭدەك يەككە تىجارەتچىلەر، باشقا شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(دولقۇن. ت)

# ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇئاۋىن مۇدىرى جياڭ جيالۇ

ھازىرقى جەمئىيەت ئۇچۇر جەمئىيىتى، دۇنيانىڭ ئۇچۇر ئىشلىرى ناھايىتى تېز بولماقتا، بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئۇچۇرنى بىر خىل ستراتېگىيە مەنبەسى دەپ قارىماقتا، ھەمدە ھەر يىلى زور تۈركۈملەپ مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇچۇر نەزەرىيىسى ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسى تەتقىقاتى ۋە ئېچىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ قەدەمىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ئۇچۇر ئىشلىرىمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. نۆۋەتتە، مەملىكەتتىكى نۇرغۇنلىغان ئورۇنلار ئارقا-ئارقىدىن مەلۇم كۆلەمدىكى ئۇچۇر باشقۇرۇش سىستېمىلىرىنى قۇردى. كەسىپتىن ھالقىغان، تارماقلاردىن ھالقىغان ئۇچۇر تورلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. ئۆتكەن يىلى 3-ئايدا خەيكوۋدا مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى سىستېمىسى ئۇچۇر قوبۇل قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغان ھەمدە «دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيان مىللىي ئۇچۇر خىزمىتىدە خېلى ئىلگىرىلەش بولدى. بۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1. ھەرقايسى جايلارنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، مىللىي ئۇچۇر خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، مىللىي ئۇچۇر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىغا يېڭى تونۇش پەيدا قىلدى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئالاقىدار مۇناسىۋەتلىك كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تەتقىق قىلىپ بېكىتىپ، مىللىي ئۇچۇرنىڭ تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش، ئىلمىيلىشىشكە قاراپ مېڭىشىغا ئاساس يارىتىپ بەردى.

2. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەر ئىشلىرى سىستېمىسىدىكى تىك يۆنىلىشلىك ئۇچۇر تورىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى مۇھىم بىر خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، مەلۇم دائىرىدىكى ئۇچۇرچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقتى. تولۇق بولمىغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1993-يىلى 12-ئايغىچە 18 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە ئىككى ئايرىم پىلان تۈزىدىغان شەھەر ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، شەھەر)، ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر)دىن ناھىيە (خوشۇن، شەھەر)گىچە كۆپ قاتلاملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى ئۇچۇر تورى سىستېمىسى قۇرۇلۇپ بولغان، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئۇنىۋېرسال ئۇچۇر باشقارمىسى ئۇچۇر خادىملىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۇچۇر خادىملىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلەر 1000 دىن ئاشىدۇ.

3. 1993-يىلى 11-ئايدا، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى باش ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن بولغان بىرلەشمە تورنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ئەمەلگە ئاشۇردى، مانا بۇ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئۇچۇر خىزمىتى ۋە ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى بىر قەدەم باسقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

4. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئۇقتىلىق ھالدا ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى پىكىر، يېڭى تەدبىر، يېڭى تەجرىبە، يېڭى نەتىجىلەر ۋە ھەرقايسى جايلارنىڭ مىللىي ئىگىلىكى، مائارىپى، مەدەنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھىم ئۇچۇرلارنى تۈزۈپ تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تەرەپپىيات ھاسىل بولغان ۋە ھەرىكەتچان ئۇچۇرلىرىنى كەۋدىلىك ھالدا ئۆتتى، بولۇپمۇ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنى ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، سىياسەت بەلگىلەشكە ئىشەنچلىك ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى بولالىشىدا، ئۇچۇر خىزمىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ مەسلىھەت كۆرسىتىش ۋە ياردەمچىلىك رولى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۇچۇر ئارقىلىق جارى قىلىنىدۇ. ئۇچۇر خىزمىتى ھەر دەرىجىلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ مۇھىم بىر خىزمەت مەزمۇنىغا ئايلاندى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، مىللىي ئۇچۇر خىزمىتى گەرچە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، خۇشاللىنارلىق قەدەملەرنى باسقان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا بىر قەدەر تۆۋەن قاتلامدا ۋە بىر قەدەر تۆۋەن سەۋىيە باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى دېڭىز بويىدىكى تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا قالاق ئورۇندا تۇرماقتا، بۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراۋاتقان مىللىي ئۇچۇر خىزمىتىدىمۇ مەلۇم پەرق بار.

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەركەز ۋە گوۋۇيۈەنگە يوللىغان «دوكلات تېزىسى» ۋە مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە قارىغاندا، بۇندىن كېيىنكى ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى مۇشەققەتلىك ۋە شەرەپلىك، بىزنىڭ زىممىمىزدىكى مەسئۇلىيەت ناھايىتى ئېغىر. مىللىي ئۇچۇر خىزمىتى يېڭى ۋەزىيەتتە، چوقۇم تېخىمۇ كۈچەيتىلىشى كېرەك.

ئالدى بىلەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىدىكى يولداشلار چوقۇم شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەككى: مىللىي ئۇچۇرنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى «ئۈچ دەرىجىلىك خىزمەت قىلىش» يەنى ئۆز دەرىجىسى، يۇقىرى دەرىجە ۋە ئاساسىي قاتلاملارئۈچۈن خىزمەت قىلىش؛ مىللىي ئۇچۇر خىزمىتىنىڭ نىشانى رەھبەرلەرنىڭ ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىشىگە ئاساس يارىتىپ بېرىش؛ مىللىي ئۇچۇر رەھبەرلەر تەدبىر بەلگىلەشتىن بۇرۇن «ئالتېپىنالىق» رولىنى، تەدبىر بەلگىلىگەندە «ئاشقى مېڭىلىك» رولىنى، تەدبىر بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن «كۆز- قۇلاقلىق» رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك؛ ئەمەلىي ئۈنۈمدە مىللىي ئۇچۇرنىڭ يەتكۈزۈلۈشى تېز، ئەمەلىي ئۈنۈمچانلىقى كۈچلۈك بولۇشى كېرەك؛ خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە مىللىي ئۇچۇر تولۇق يۆنىلىشلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ نۇقتىنەزەرلىك بولۇشى، سىستېمىلىك تەھلىل قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇپ، ماتېرىيالغا ئاساسەن باش تېمىنى ئايرىشى كېرەك؛ مىللىي ئۇچۇرلارنى توپلاش جەھەتتە، تاسادىپىي، تەرمىيال، ھەرىكەتچان ئۇچۇرلارنى تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە توختىماي ئىز قوغلىشىپ، ۋاقتىدا تولۇقلاپ، ئۈزلۈكسىز قايتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن مىللىي ئۇچۇر خىزمىتى تارماقلىرىدىكى يولداشلار ئۇچۇر قارىشى ۋە ئۇچۇر ئېڭىنى كۈچەيتىشى لازىم. بىر قىسىم يولداشلىرىمىز مىللىي ئۇچۇر خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكىنى يوق. ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئېڭى كۈچلۈك ئەمەس. ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار يېڭى روھ، يېڭى يۆنىلىش، يېڭى سىياسەت، يېڭى تەجرىبىلەرنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈپ، يېڭى سىياسەت بەلگىلەشتىكى ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىشى لازىم. سىياسەت بەلگىلەشتىن بۇرۇن ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ، ئالدىن مۆلچەرلەش، ئۇنىۋېرسال مۇھاكىمە قىلىش ۋە يولغا قويۇشقا بولىدىغان دەلىللەشنى ياخشى ئىلىپ بېرىش لازىم؛ سىياسەت بەلگىلىگەندە ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ ئەتراپلىق ئويلىنىپ، توغرا، ئىلمىي كونترول قىلىش كېرەك؛ سىياسەت بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن قايتۇرۇلغان ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ، سىياسەت بەلگىلەش لايىھەسىنى تۈزىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سەۋەنلىكنى ئازايتىش كېرەك. بىز تەجرىبە بويىچە ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالساق بولمايدۇ، ئادەتتە، تەجرىبىگە ئاساسەن سىياسەت بەلگىلەشتە توختاپ قالساق، ئۇچۇر خىزمىتىنى بولسىمۇ بولىدىغان بولمىسىمۇ بولىدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇچۇر خىزمىتى تارماقلىرى رەھبەرلىك ئۈچۈن بىر قىسىم «قىزىق نۇقتا»لاردىكى ئەھۋال ھالىتىنى، تەمىنلەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، ئۆز دەرىجىسىدىكى ئورگانلارنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىدىكى «سانلىق مەلۇمات ئامبىرى»، «ماتېرىيال ئامبىرى» بولۇشى كېرەك. سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنىڭ قايتۇرۇلۇشى ئارقىلىق، ياخشى «قاراۋۇل»، «كۆزەتكۈچى» بولۇپ، زور مىقداردىكى ئۇچۇرلارنى ئىگىلىگەن ئاساستا، يىغىنچاقلاش، رەتلەش، ئۇنىۋېرسال مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭدىن قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى يەكۈنلەپ، رەھبەرلەرگە سىياسەت بەلگىلىشى ئۈچۈن بىر قىسىم مايىللىققا، بىخلىققا، مۆلچەرلىككە ئىگە ئۇچۇرلارنى تەمىنلەش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، بىز چوقۇم ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئورگانلىرىنىڭ ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، مىللىي ئۇچۇرنى باشقۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ئىلغارلىق دەرىجىسى ئاساسلىقى ئۇچۇر توپلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، بىر تەرەپ قىلىش ۋە يەتكۈزۈش تېخنىكىسىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ، بۇنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، ھازىرقى زامان ئالاقە تېخنىكىسى، ئوپتىكىلىق ئۈن ئېلىش تېخنىكىسى، كۆرۈش، ئاڭلاش تېخنىكىسى قاتارلىقلار. نۆۋەتتە، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئورگانلىرىنىڭ ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى باشقا تارماقلارغا سېلىشتۇرغاندا خېلى ئارقىدا، ئىش بېجىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، مىللىي ئۇچۇر خىزمىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى زور دەرىجىدە چەكلەپ قويۇۋاتىدۇ ھەم يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئۇچۇر خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭغا نىسبەتەن بىزدە چوقۇم يۇقىرى تونۇش ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن چارە بولۇشى، بىر پۈتۈن تەسەۋۋۇر ۋە نىشاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كونكرېت پىلان ۋە يولغا قويۇش لايىھەسىنى تەتقىق قىلىپ بېكىتىپ، پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە، بالدۇرراق بىر يۈرۈش «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى ئورگانلىرى ئىش بېجىرىش، سىياسەت بەلگىلەش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى» تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئورگانلىرىنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى ۋە تېز سۈرئەتتە ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنى مۇقەررەر ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ بىر يۈرۈش سىستېمىنىڭ قۇرۇلۇشى ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتى جەھەتتىكى ئەڭ ئەتراپلىق، ئەڭ تولۇق، ئەڭ نوپۇزلۇق ئېلېكترونلۇق ئۇچۇر بايلىقى ئامبىرىغا ئايلىنىدۇ.

(قەيسەر. ت)

# مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا مۇلاھىزە

— دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىنيۇ

1. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى ـ پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى، شۇنداقلا مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە چوقۇم پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ تۈپ قىبلىنامىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش لازىم. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى ھەم ئورتاقلىققا، ھەم ئۆزگىچىلىككە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە، پارتىيىنىڭ پۈتكۈل تەشۋىقات خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشقىمۇ بولمايدۇ، شۇنداقلا مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ خاس مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىگە سەل قاراشقىمۇ بولمايدۇ.

2. ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، دىنىي ئىشلار سىياسىتىنى قەتئىي بوشاشماي تەشۋىق قىلىش، بولۇپمۇ «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ زور ئىجادىيىتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — ھەرقانداق بوران-چاپقۇننىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئۇ چەت ئەللەرنىڭ «فېدېراتسىيە» تۈزۈمىگە قارىغاندا دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن، ھەر مىللەت خەلقى چوڭقۇر ھىمايە قىلىدۇ. دۇنيانىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا مىللەتچىلىك باش كۆتۈرۈپ، توختىماي پاراكەندىچىلىك بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولۇپ، ئىگىلىكى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇلار ئېلىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئۈزلۈكسىز ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

3. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ تارىختىن قېلىپ قالغان پەرقلەرنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا مۇئامىلە قىلىشقا يېتەكلەشكە دىققەت قىلىش لازىم. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى پەرق — ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بولۇپ، ئۇنى تارىخىي ۋە جۇغراپىيىلىك نۇرغۇنلىغان شارائىتلار كەلتۈرۈپ چىقارغان. توغرا يولۇنۇش بويىچە سېلىشتۇرغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بىلەن دېڭىز بويى رايونلىرى، تەرەققىي قىلغان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭايماقتا؛ تىك يۆلۈنۈش بويىچە سېلىشتۇرغاندا، 11-نۆۋەتلىك 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يەنىلا تېز بولدى. بۇ يەردە بىز تەكىتلەۋاتقان پەرق تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا ئىدىيىۋى كۆز قاراش جەھەتتىكى پەرقتىن ئىبارەت. مېنىڭچە ئىدىيىۋى كۆز قاراش جەھەتتە كۆپرەك پەرق تېپىش كېرەك. ئىدىيىۋى - سىياسىي جەھەتتىكى پەرقنى تۇتۇش، مەسىلىنىڭ ئىچكى تۈگۈنچىسىنى تۇتقانلىق، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى تۇتقانلىق بولىدۇ. ئىدىيىۋى تەربىيىنى تۇتۇش-ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىتتىپاقلىشىپ ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىم ھالقىسى. مانا بۇ، مەركەزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چۈشىنىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا بېسىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىدىن ئىبارەت. ئوبيېكتىپ شارائىت يار بەرگەن دائىرىدە ئويلاشقا، ئىشلەشكە،

ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىپ، پەرقنى تەدرىجىي ئازايتىپ، ئاخىرىدا ئورتاق گۈللىنىش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى پەرقنى ھەل قىلىشقا تارىختىن بۇيان كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەت، تەدبىر ۋە چارىلەر ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. تەشۋىقات خىزمىتىدە بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا بىر قەدەر يۈزەكى بولۇپ قېلىپ، خىزمەت دىگەندەك چوڭقۇر ھەم پۇختا ئېلىپ بېرىلماي قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى، تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، پارتىيىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەدبىرلىرىنى ئاممىغا جاكارلاپ، ھەممە ئادەمنى خەۋەردار قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىش ئارقىلىق، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەك. بۇنداق قىلىش ئىچكى جەھەتتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى خەلقئارادىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە.

4. «باراۋەر بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش»- سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تۈپ پرىنسىپى بولۇپ، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە بۇ مەركىزىي تېمىغا باشتىن-ئاخىر ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كونا جۇڭگودىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى سىياسىي جەھەتتىكى ئېزىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، مىللەتلەر ئارا باراۋەر بولۇشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پارتىيىمىز كونا جۇڭگودىكى بۇ خىل باراۋەرسىزلىك مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىپ، بىر خىل يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورناتتى. بۇ خىل مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەشۋىق قىلىشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، تەرەققىيات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش لازىم.

5. «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى كەڭ كۆلەملىك چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش كېرەك. «ئىككى ئايرىلالماسلىق»- تارىخنىڭ قانۇنىيىتى. جۇڭخۇا ئىلى- بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، گەرچە تارىختا پارچىلىنىش ۋە قوشۇلۇش بولغان بولسىمۇ، باشتىن-ئاخىر بىرلىككە كېلىش يەنىلا ئاساسىي يول. بۇ 56 مىللەت بىر - بىرىگە بېقىنىپ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈشۈپ، ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندىمۇ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ رايونلارغا بۆلۈنۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھەرقايسى مىللەتلەر بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ بىللە تۇرماقتا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ ئايرىم بىر مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئەمەس.

كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، يەنىلا كۆپ مىللەتتىن تەشكىل قىلىنغان، بۇ يەردە گەرچە يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجىلىك پەرق بولسىمۇ، يەنىلا ھەممىسى بىر ئومۇمىيلىق ئىچىدە بولغاچقا، نىشانى بىردەك بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، مەسلىھەتلىشىپ ئورتاق ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ زېھنى ۋە پاراسىتىنى تەقدىم قىلىدۇ.

دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن ئالغاندا، بىر دىنغا بىر قانچە مىللەت ئېتىقاد قىلىدۇ، بىر مىللەت بىر قانچە خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ بار، بىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ، ئېتىقاد قىلمايدىغانلارمۇ بولىدۇ، بىراق ئۇلار يەنىلا ئۆزئارا بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىشىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ۋە يۈرۈش-تۇرۇش، ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم، كىيىم-كېچەك، نەرسىلەردىن پەرھىز تۇتۇش ئادىتىدىن قارىغاندا، ھەم ئوخشاشلىققا ئىگە، ھەم ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا، رەڭدارلىققا ئىگە بولىدۇ؛ ئوخشاشلىقى شۇكى، ئۇ ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئەينەك قىلىش، تەسىر كۆرسىتىشنىڭ نەتىجىسىدۇر، ئەمما بۇنداق

ئۆگىنىش ۋە ئەينەك قىلىش ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ، يەنىلا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلماقتا ۋە ئالغا باسماقتا.

بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇكى: «ئىككى ئايرىلالماسلىق»نىڭ كېلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ «ھەممىنەپەس بولۇش، تەقدىرداش بولۇش، قەلبداش بولۇش»نى تەشۋىق قىلىشنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىشتا كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ۋە قاراتمىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

6. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئىشىنى رېئال تۇرمۇش تەرەققىياتىغا بىرلەشتۈرۈش لازىم. مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى، مىللەتلەرنىڭ پسىخىك ھالەتلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈش، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، ئەمما مۇئەييەن شارائىتتا بەزى پاسسىپ تەسىرلەرنىمۇ پەيدا قىلىدۇ، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەيدۇ ھەتتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ. بۇ مەسىلىدە، مىللەتلەرنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنىڭ مىقدارى كۆپ، قىيىنلىق دەرىجىسىمۇ زور بولىدۇ، بۇ مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىساق، ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈچلۈك نۇقتىلارنى يېتەكچى ئورۇنغا قويۇپ، ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش تەشۋىقاتى خىزمىتىنى پائال ھەم سالماق قەدەم بىلەن ئوبدان ئىشلىشىمىز كېرەك. ۋارىسلىق قىلىش، جارى قىلدۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

7. مىللىي سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش بىلەن دىنىي ئىشلار سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيادا، مىللەت «قىزىق نۇقتا»، دىن «قىيىن نۇقتا» بولۇپ قالدى. «قىزىق نۇقتا» بىلەن «قىيىن نۇقتا» ھەمىشە گىرەلىشىپ، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىگە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە پەرقىنى چوقۇم ياخشى ئىگىلەپ، ئىككىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان سىياسەت جەھەتتىكى چەك-چېگرىسىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، ئىجابىي ڕەۋىشتە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئېلىپ بېرىش لازىم.

8. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە ئىچكى ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىپلا قالماستىن، ئەتراپىمىزدىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئەستايىدىل تەشۋىق قىلىش ھەمدە سىرتقا قارىتا تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. بىر جەھەتتىن ئالغاندا، دۆلىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدە 30 نەچچە ئاز سانلىق مىللەت چەت ئەللەردىكى ئوخشاش بىر مىللەت بىلەن قوشنا بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا، ھەرقايسى مىللەتلەر دۇنيانى تېخىمۇ كۆپرەك چۈشىنىش، دۇنيانىڭمۇ ئۇلارنى بىلىشكە مۇھتاج بولۇپ قالدى. بۇلار بىزنىڭ مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىمىزگە رېئال ھەم كەسكىن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. چېگرا رايونلارغا ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىللەتلەرنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق بولغان مۇناسىۋىتى بار. بۇ خىل بېرىش-كېلىش ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەت كەڭ كۆلەملىك بولىدۇ. ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئېرىنمەي ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى كۈچەيتكەندىلا، ئاندىن ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئۈنۈملۈك ھالدا ياخشى ئىشلەپ، چېگرا رايوندىكى خەلقلەردە مىللەتنى پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنى تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ، ئۇلارنىڭ قوللانماقچى بولغان ۋاسىتىسىنى ئىگىلەش، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى ۋاقتىدا ئېچىپ تاشلاش، كەڭ ئاممىغا ئۇلاردىن يۇقىرى دەرىجىدە ھوشيار بولۇش، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى بىلىش، ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالماسلىق ھەمدە ئۇلارغا بايرىقى روشەن ھالدا قايتۇرما زەربە بېرىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم.

9. ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىگە قاتنىشىش

تەشەببۇسكارلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى قوزغاش لازىم. «مىللەت، دىن خىزمىتى كىچىك ئىش ئەمەس.» بولۇپمۇ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ئورۇنلار مىللەتلەر ئىشى تېما قىلىنغان ئاخبارات خەۋەرلىرى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە كىنو-تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش جەريانىدا بەزى مەسىلىلەر كۆرۈلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئورۇنلار ئاز سانلىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك تېمىلاردىكى خەۋەر ۋە ئىجادىيەت خىزمىتىگە ئارىلاشقاندا، بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ دەككە-دۈككىدە بولۇۋاتىدۇ. سىناپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتىدۇ. بۇ مەسىلە مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە كۆپ يوللۇق ئېلىپ بېرىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ، بۇ ئىش ئۇزاق داۋام قىلسا، مىللىي تەشۋىقات ساھەلىرىدىكىلەر ئازىيىپ كېتىدۇ، ھەتتا شۇ رايوندىلا چەكلىنىپ قېلىپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تەسىر يېتىدۇ. تەشۋىقات خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ دادىل بولۇشىغا ئىلھام بېرىپ، ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىگە قاتنىشىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ تېما تاللاشقا سالماقلىق بىلەن ئۇيۇشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۆتكۈر مەسىلىلەرنى ياخشى ئىگىلەپ، توغرا بولمىغان مەسىلىلەرنى، بىر قارارغا كېلەلمىگەن مەسىلىلەرنى ئۆز بىلگىنىچە تەشەببۇس قىلماسلىق، بۇنداق مەسىلىلەرنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق ھالدا مۇھاكىمە قىلىش ۋە كېڭىشىش كېرەك. تەييارلىق خىزمەتلەرنى پۇختا، ئىنچىكە، توغرا ئىشلەش، خىزمەتنىڭ تېز، ياخشى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. دېمەك، بۇ قوشۇننىڭ ئالاقىنى كېڭەيتىش، تەسىرىنى زورايتىشتىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

10. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەرنى ئۇبدان بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، چېتىلىدىغان ساھەسى كۆپ، دائىرىسى كەڭ. تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار تۈرلۈك ئامىللارنىڭ چەكلىشى تۈپەيلىدىن، بىلىم دائىرىسىمۇ ئۆز كەسپىي بىلىمىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە كۆزىتىش ۋە ھۆكۈم قىلىش خاتا بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا بىر قىسىم مۇنداق ياكى ئۇنداق مەسىلىلەر كۆرۈلىدۇ. كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا نوقۇل بىر خىللا ئۇسۇل قوللانماسلىق، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، كونكرېت ئەھۋاللارنى كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتى داۋامىدا مىللىي سىياسەتنى چۈشىنىش توغرا بولماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان خاتالىقلارنى تۈزىتىش، ئۆرپ-ئادەتلەرنى بىلمەسلىك، چۈشەنمەسلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىدىكى مەسىلىلەرگە چۈشەنچە بېرىش؛ مىللىي ھېسسىياتقا قەستەن ئازار بېرىدىغان، مىللەتلەر ئارا ئىناقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش، بيۇروكراتلىق قىلىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماي، خىزمەتتە خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

11. ستراتېگىيە، ئومۇمىيلىقنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، مىللىي تەشۋىقاتنىڭ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ كۆپىنچىسى تاغلىق، ئېگىزلىك ۋە چەت - چېگرا ياقىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، قاتنىشى قولايسىز، ئۇچۇر ئاستا يەتكۈزۈلگەچكە، گېزىت - ژۇرنال، كىتابلارنى تارقىتىش ناھايىتى قىيىن بولۇۋاتىدۇ. تارقاتقاندىمۇ ۋاقىت ناھايىتى كېچىكىپ كېتىپ، ئاخبارات كونىراپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا رادىئو، تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشى مەملىكەتنىڭ سەۋىيىسىدىن ناھايىتى تۆۋەن تۇرماقتا. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، خىزمەتلىرىمىزگە تەسىر يېتىدۇ. بىز ھازىرقى ئەھۋالنى توغرا كۆزىتىپ، مىللىي تەشۋىقاتنىڭ مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىدە مەبلەغ سېلىپ، پۇلنى قىسماي، كۆز ئالدىمىزدىكى ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىش كېرەك.

12. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھازىر، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئاخبارات، تەشۋىقات ئورۇنلىرىدا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. قوللانغان ۋاستىلەر قالاق، مەبلەغ يېتەرلىك بولمىغاچقا، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئېغىر دەرىجىدە چۈشەپ قويۇلۇۋاتىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان ئۇيۇشتۇرۇلغان ئاخبارات زىيارەتلىرى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تەشۋىقاتى مىللەتلەر خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا ناھايىتى زور رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى چەت، يىراق جايلاردا بولغاچقا، قاتناش قولايسىز بولۇپ، مۇخبىرلار ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا چوڭقۇر زىيارەت قىلىش خىزمىتىدە ئۇچرىغان قىيىنچىلىقلار ساقلانماقتا، بۇ خىزمەتنى داۋاملىق تەشكىللەش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا، بىر تەرەپتىن ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ۋە ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىغا، ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىغا تايىنىپ، شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، قىيىنچىلىقلارنى تۈگىتىپ، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر مىللىي ئاخبارات ۋە تەشۋىقات تارماقلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك.

13. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىدىكى ئاخبارات-تەشۋىقات قوشۇنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىدا بىر تۈركۈم تەشۋىقات قوشۇنى شەكىللىنىپ بولدى. ئۇلارنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىن كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى پىششىق بىلىشتەك ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاكتىپلىقى ۋە ئاگاھلىقىنى قوزغاپ، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئەلۋەتتە، ئۆز سىستېمىمىزدىكى ئاخبارات-تەشۋىقات (جۈملىدىن نەشرىيات) ئورۇنلىرىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى كېيىن، شارائىتى ناچار بولغاچقا، مۇناسىۋىتى راۋان بولمىغاچقا، ئورگان چەكلىمىسىگە ئۇچراش ئامىللىرى باشقا ئاخبارات تەشۋىقات ئورۇنلىرىدىن كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورغۇنلىغان ئورۇنلار پەرقلىق سومما تولۇقلاپ بېرىلىدىغان كەسپىي ئورۇن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ راسخوتى ئۆزىگە يەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، بىگىچە تەرەققىيات يولىغا مېڭىش لازىم.

14. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىدە مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ بىۋاسىتە مەسئۇلىيىتى بار، رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ــ بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. نۆۋەتتە، بىز ئېيتقان رەھبەرلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇش ــ مۇشۇ سىستېمىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن تۇتۇتۇرىغا قويۇلدى.

بىرىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش. نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە قارىتا مۇھىم بولغان يېتەكلەش رولىنى ئوينايدۇ. مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۇنى سىستېمىلىق نەزەرىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرگەندە، ئاندىن مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگىلى بولىدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا بۇ جەھەتتە بىر قىسىم خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، يەنىلا دېگەندەك بولمىدى. ئەمەلىيەت داۋامىدا نەزەرىيە جەھەتتىكى يېتەكلەش كەمچىل بولغاچقا، تەشۋىق قىلىدىغان مەزمۇنلار چۇۋالچاق، شەكىل جەھەتتە تەشۋىق قىلىش سەنئىتى كەمچىل بولۇپ قالدى.

ئۈچىنچى، ئاخبارات ـ تەشۋىقات كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىستېمىلىرىدا ئاخبارات ـ تەشۋىقات قوشۇنى بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئادەم يېتىشمەيۋاتىدۇ. ھازىر بار قوشۇننىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. زاپاس كادىرلارنى ئۆستۈرۈش ۋە يېتىشتۈرۈشتە زۆرۈرىيەت تۇيغۇسى بولۇش لازىم. نۆۋەتتە قىلىدىغان جىددىي ئىش ــ تاللاش، تەربىيىلەش ۋە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت.

تۆتىنچى، مۇشۇ سىستېمىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئورگان كادىرلىرى ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق ئېلىپ بېرىشى لازىم.

بەشىنچى، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى ئوبدان ماسلاشتۇرۇپ، بىرلەشمە تور ھاسىل قىلىپ، بازىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سادانى كۈچەيتىش كېرەك.

ئالتىنچى، مىللىي تەشۋىقات خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىشتا ئاكتىپ ھەم ئېھتىياتچان بولۇش لازىم. ئۆتكەلنى چىڭ ئىگىلەش كېرەك.

(بۇ ماقالە ئاپتورنىڭ مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمەت يىغىنىدا بەرگەن يازما دوكلاتىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.)

(ئوبۇلقاسىم غوپۇر ـ ت)



# زاڭزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى

زاڭزۇلار ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئومۇمىي نوپۇسى 4 مىليون 593 مىڭ 330 (1990 - يىلىدىكى سان) بولۇپ، ئاساسەن شىزاڭ ئاپتونوم رايونى ۋە چىڭخەي، گەنسۇ، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق تۆت ئۆلكىگە بىر قەدەر مەركەزلىك جايلاشقان، قالغان ئاز بىر قىسمى باشقا ئۆلكە، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر ۋە جايلارغا تارقاق جايلاشقان.

## ئېتنىك مەنبەسى

زاڭزۇلار ئۆزلىرىنى «بوبا» دەپ ئاتايدۇ. بۇ «بو» دېگەن جايدا ياشىغۇچىلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «بو» قەدىمكى زاڭزۇچە تارىخىي كىتابلاردا «دېھقانچىلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. زاڭزۇ تىلىدا دېھقان «بوبا» دەپ ئاتىلىدۇ، زاڭزۇلار ئەڭ دەسلەپتە يارلوزاڭبو دەرياسى بويىدىكى بىر دېھقانچىلىق قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققاچقا، شۇندىن باشلاپ «بو» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

زاڭزۇلار قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا، بىر نەچچە خىل ئاتىلىپ كەلگەن: تاڭ، سوڭ ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە «تىبەت» (吐番) دەپ ئاتالغان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە زاڭزۇلار «تىبەت» (西番) دەپ ئاتالغان بولسا، شىزاڭ «ئۇسزاڭ» (乌斯藏) دەپ ئاتالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرى «تۈبۈت» (图伯特)، «تاڭغۇت» (唐古特) دەپ ئاتالغان. «شىزاڭ» (西藏) دېگەن نام كاڭشىنىڭ 2 - يىلى (1663 - يىلى) رەسمىي ئاتىلىشقا باشلىغان، بۇندىن ئىلگىرى «ۋېيزاڭ» (卫藏) دەپ ئاتالغان، بىز هازىر ئاتاپ كېلىۋاتقان زاڭزۇ دېگەن مىللەت نامىمۇ شۇندىن باشلاپ پەيدا بولغان.

قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ غەربىي قىسمىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر «چاڭلار» دەپ ئاتالغان «كېيىنكى خەننامە. غەربىي چاڭلار هەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، غەربىي قىسمىدىكى «چاڭلار» ئارىسىدا «فا» دەپ



ئاتىلىدىغان كۆچلۈك بىر قەبىلە (فاچان) بار بولۇپ، ئۇلار خۇاڭخې دەرياسىنىڭ باشلىنىش مەنبەسىدىن ناھايىتى يىراق بىر جايدا ياشايدۇ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى باشقا مىللەتلەر بىلەن بېرىش- كېلىشى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. «يېڭى تاڭنامە. تىبەتلەر ھەققىدە قىسسە»دە تىبەتلەر «فاچان»لاردىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن دەپ قەيت قىلىنغان.

زاڭزۇچە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، قەدىم زامانلار ئىلگىرى زاڭزۇلار رايونىدا 44 كىچىك پادىشاھلىق بولغان، كېيىن 12 كىچىك فېئوداللىق دۆلەت بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىنى قوشۇۋالغان. نەتىجىدە يارلوڭ شىبۇيې قەبىلىسى بارا - بارا كۈچىيىپ، ھەر قايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ پادىشاھى نېخزەنپۇ تىبەت پادىشاھلىق تارىخىدىكى تۇنجى ئەۋلاد پادىشاھ بولغان.

مىلادى 6 - ،7 - ئەسىرلەردە، شىبۇيې قەبىلىسىنىڭ باشلىقى نامرىلۇنزېن ئۆز تەسىر دائىرىسىنى لاسا دەرياسى ۋادىلىرىغىچە كېڭەيتكەن، ئۇنىڭ ئوغلى سوڭزېنگامبۇ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چىڭخەي - شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى ھەر قايسى قەبىلىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قۇدرەتلىك تىبەت خانلىقىنى قۇرۇپ، لوشېنى (لاسا) پايتەخت قىلغان. يېزىق ئىجاد قىلغان، ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، قانۇن- تۈزۈملەرنى تۇرغۇزغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۆم - ئىناق، كۈچلۈك زاڭزۇ مىللىتى شىزاڭ ئېگىزلىكىدە پەيدا بولغان.

## دىن ئېتىقادى

زاڭزۇلار ئومۇميۈزلۈك لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. لاما دىنى 8 - ئەسىردە ھىندىستاندىن كىرگەن بۇددا دىنىنىڭ دارانى ۋە پراكاراناساسترا مەزھەپلىرىنىڭ شىمالىي خەنزۇلار رايونلىرىغا تارقالغان بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپى ۋە شىزاڭدا ئەزەلدىن بار بولغان ئىپتىدائىي بىنبو دىنى (قارا دىن) بىلەن ئۆز ئارا قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان. 13- ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانسىنىپلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن، لاما دىنى شىزاڭ ھاكىمىيىتىنى كونترول قىلىشقا باشلىغان ھەم شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئاستا - ئاستا كېڭەيتكەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزھەپلىرى بولسا گاداگبا، نىڭمابا (قىزىل دىن)، كاجۈبا (ئاق دىن)، ساجابا (ئالىچىپار دىن) لاردىن ئىبارەت. 15 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا زوڭكابا گاداگبا مەزھىپى ئەقىدىلىرى ئاساسىدا گېلۇبا مەزھىپى (سېرىق دىن) پەيدا بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەن. دىن ئەقىدىلىرى بويىچە لامالارنىڭ خوتۇن ئېلىشى مەنئى قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي باشلىق ئالەمدىن ئۆتكەندە بۇ ئورۇنغا باشقىلارنى قويۇپ داۋاملاشتۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، دالاي ۋە بەنچەندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ رېمچى سىستېمىسى مەيدانغا كەلگەن. دالاي ۋە بەنچەنلەر زاڭزۇلار رايونىدىكى لاما دىنىنىڭ ھەر قايسى مەزھەپلىرىنىڭ باش رەھبىرى بولۇشتەك مەرتىۋىگە ئىگە بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ گېلۇبا مەزھىپى

شىزاڭدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن مەزھەپكە ئايلانغان. شۇنداقلا شىزاڭدىن باشقا زاڭزۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا، ئاندىن يۇغۇر، تۇزۇ ۋە موڭغۇللار ئارىسىغا، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇتان، سىككىم، نېپال قاتارلىق ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەرگىمۇ تارقالغان.

ئومۇمەن زاڭزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئىبادەتخانىلار كۆپ بولۇپ، دىنىي مۇراسىملار ئادەتتە شۇ جايلاردا ئۆتكۈزۈلىدۇ. شىزاڭدا راھىب، راھىبەلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن ئون پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## تىل - يېزىقى

زاڭزۇ تىلى ـ خەنزۇ - زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى، زاڭزۇـ بىرما تىللىرى ئائىلىسىنىڭ، زاڭزۇ تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. ئادەتتە ۋېيزاڭ، كاڭ ۋە ئەندو قاتارلىق ئۈچ دىئالېكتقا بۆلۈنىدۇ. زاڭزۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ يېزىقى بار. زاڭزۇ يېزىقى ھىندى ھەرپ سىستېمىسىغا تەۋە بولسىمۇ، لېكىن مەنبەسى ئوخشىمايدۇ، ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا خۇسۇسىيەتلىرى بولغاچقا، ھەرپ شەكىللىرىدە پەرقىمۇ خېلى چوڭ، زاڭزۇ يېزىقىنىڭ 1300 يىلدىن ئارتۇق تارىخىي بار. زاڭزۇچە تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، مىلادى 7 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۇبۇت زېمپۇسى (شاھى) سوڭزېنگامبۇنىڭ مۇلكىي ۋەزىرى تۇمپامبۇجا سانسكرىت ھەرپلىرىدىن پايدىلىنىپ زاڭزۇ يېزىقىنى ئىجاد قىلغان. ئارىلىقتا بىر قانچە قېتىملىق ئىسلاھاتلاردىن ئۆتكەن. ھازىر بۇ يېزىقنىڭ 30 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى بىلەن تۆت سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى بار. زاڭزۇ يېزىقىدا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ رولى ۋە خۇسۇسىيىتى ئەڭ روشەن ھەم گەۋدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۈزۈك تاۋۇشلۇق يېزىق دەپمۇ ئات قويغان.

## ھېيت - بايراملىرى

زاڭزۇ چاغىنى ـ زاڭزۇ خەلقىنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەنئەنىۋى بايرىمىدۇر. ھەر يىلى زاڭزۇ يىلنامىسى بويىچە 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىدە خەيرلىكنىڭ سىمۋولى بولغان ئارچا تۇتەكلىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ھەممە ئائىلە سېرىقماي، زامبالار بىلەن يېمەكلىك ياساپ، يالىڭاچ ئارپا بىلەن ھەر خىل ئېسىل ھاراق ـ شارابلارنى تەييارلاپ، مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. تاڭ سەھەردىلا، ئاياللار دەريا ـ ئېقىنلارغا بېرىپ «خەيرلىك سۈيى» ئۇدۇپ كېلىدۇ، ئەر - ئايال، قېرى- ياشلار ئۆز ئارا مۇبارەكلىشىپ «جاشدېلېي» (خەيرلىك بولۇڭ دېگەن مەنىدە) دېيىشىدۇ، بەزىلەر ئىبادەتخانىلارغا بېرىپ بۇتقا تاۋاپ قىلىپ، بۇدساتۋانىڭ بىر يىلدا تىنىچ- ئامانلىق، ئوڭۇشلۇق ئاتا قىلىشىنى تىلەيدۇ. كەچتە ئوغۇل- قىزلار يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان گۇلخانلارنى چۆرىدىشىپ، كۆركەم گۆرشى ئۇسسۇلى، ئاياغ تېپىش ئۇسسۇلى ئوينىشىدۇ.

ۋوگكو بايرىمى ـ زاڭزۇ خەلقىنىڭ مول ھوسۇل تىلەش يۈزىسىدىن يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان ئەنئەنىۋى بايرىمى. «ۋوگكو» دېگەن سۆز زاڭزۇ تىلىدا ئېتىزلىقنى ئايلىنىپ



چىقىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ بايرام ئادەتتە كۈزلۈك ھوسۇلدىن ئىلگىرىكى خەيرلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاللاپ ئۆتكۈزۈلىدۇ، بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىدۇ. بايرام كۈنلىرىدە كىشىلەر توپ - توپ بولۇشۇپ ئېتىز - ئېرىقلارنى ئايلىنىپ چىقىپ نوم ئوقۇپ دۇئا - تەلەپ قىلىپ،ئىلاھنىڭ بوران - چاپقۇندىن ساقلاپ، ھۆل - يېغىننى ۋاقتىدا قىلىپ بېرىشىنى، زىرائەتلەرنىڭ مول ھوسۇللۇق بولۇشىنى تىلىشىدۇ.

## ئۆرپ - ئادەتلىرى

زاڭزۇلار كۆپىنچە تۇرلۇك چارۋا ماللارنىڭ تېرىسى ۋە يۇڭىدىن كىيىم قىلىپ كىيىدۇ. قىممەتلىك يۇڭ - تېرىلەردىن تىكىلگەن، جىيەك تۇتقان، ئۇزۇن چاپان ۋە كۆڭلەك - يوپكىلار چوڭ سۇپەت ھەم پىششىق بولىدۇ. قوي يۇڭى، تۆگە يۇڭى ۋە قوتاز يۇڭلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇلار قوي يۇڭىدا ئىشلىگەن يىپ بىلەن پۇلۇ، خىزى دەپ ئاتىلىدىغان يۇڭ رەختلەرنى توقۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كىيىم - كېچەك، ئورۇن - كۆرپە، سېلىنچا، ئۆتۈك، چورۇق ۋە تاغار-قاپلارنى تىكىدۇ. زاڭزۇ قىزلىرى باش كىيىم ۋە ئاياغ كىيىملىرىگە ئۆزلىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن نەپىس چۈچە بىزەكلەرنى توقۇشقا ئامراق.

زاڭزۇلاردا بىر قەدەر ئومۇملاشقان چاپان «چۆبا» دەپ ئاتىلىدۇ. چۆبا ئادەتتە ياقىسىز، يانتۇ ئوڭ پەشلىك بولىدۇ، ئىچىگە ياقىلىق، ئۇزۇن يەڭلىك كەمزۇل كىيىدۇ، چاپاننىڭ بىر يېڭىنى سەپەي؛ ئوڭ مۈرىسىنى ئوچۇق قويۇش ئادىتى بولۇپ، ئەمگەك قىلىشقا قولايلىق. «چۆبا» ئۇزۇن چاپان بولۇپ، چاپان ۋە ئۇنىڭ يەڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەدەن ئېگىزلىكى ۋە بىلەك ئۇزۇنلۇقىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. كىيگەن چاغدا ئالدى بىلەن ياقىسىنى باشقا كىيگۈزۈۋېلىپ تۇرۇپ، چوڭ پەشلىرىنى تىز ئاستىغىچە چۈشۈرىدۇ. بەلباغ باغلىۋېلىپ، ئاندىن چاپاننىڭ ئۈستىنى باش تەرەپتىن سىيرىپ تۆۋەنگە چۈشۈرىدۇ، ئالدى پەشنىڭ ئاستىنقى قىسمىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالىدۇ، ئۇنىڭغا ھەر خىل يانلىقلارنى سېلىۋېلىشقا بولىدۇ. كېچىسى بەلباغنى يېشىۋەتسە ھەم كۆرپە ھەم يېپىنچا بولىدۇ - دە، پۈتۈن ئەزايىنى چۈمكىگىلى بولىدۇ.

زاڭزۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە شەرت - شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن تاماق قاچا - قۇچىلارنى ياساش ۋە يېمەك - ئىچمەكلەرنى ساقلاش جەھەتتە بىر مۇنچە ئاددىي ھەم ئۆزگىچە ئۇسۇل - چارىلەرنى تاپقان. ئۇلارنىڭ تەخسە - تاۋاقلىرى، چىنە - چۆچەكلىرى پۈتۈنلەي ياغاچتىن ياسىلىدۇ. كىگىز ئۆيلەردە ئادەتتە شىرە - ئۈستەللەر بولمايدۇ، خېمىر يۇغۇرۇش، ئاش يېيىش قاتارلىق ئىشلارغا كۆپىنچە تېرىدىن تەييارلانغان سۇپرا ئىشلىتىلىدۇ. زاڭزۇلار كۆپىنچە قورۇۋېلىنغان يالىڭاچ ئارپا، پۇرچاقلارنى تالقان (زامبا) قىلىپ سېرىقماي چېيى ئىچىشكە ئامراق. زاڭزۇلار ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ھېيت - بايراملاردا، مەرىكىلەردە، مېھمان چاقىرغاندا دائىم ئېچىلىپ - يېيىلىپ بەھوزۇر ئىچىشىدۇ. ئادەتتە يىراق - يېقىندىن كەلگەن مېھمانغا ساھىبخان ئارپا ھارىقىنى تۇتقاندا مېھمان ئالدى بىلەن ئۈچ قېتىم ئوتلاپ، ئاندىن ھەممىنى بىراق ئىچىۋېتىشى كېرەك، ئۇنداق قىلمىسا بۇ ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

زاڭزۇلار ئۆز ئارا سۆزلەشكەندىمۇ ناھايىتى قائىدىلىك ھەم ئەدەبلىك بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. چوڭلار ۋە مېھمانلارغا ئادەتتىكى سۆزلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھۆرمەت سۆزى ئىشلىتىدۇ. غىزالانغاندىمۇ قائىدىلىك بولۇشنى تەكىتلەيدۇ، تامشىپ تاماق يېيىشنى، شالاپلىتىپ ئىچىشنى قائىدىسىزلىك دەپ بىلىدۇ. يول يۈرگەندە ئەتەي يول تالىشىپ ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالمايدۇ. ئولتۇرغاندا پۇت - قوللىرىنى يىغىپ راۋۇرۇس ئولتۇرۇشنى قائىدىلىك دەپ بىلىدۇ.

زاڭزۇلار رايونىدا ھازىر ئومۇمەن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم يولغا قويۇلدى. لېكىن ئايرىم جايلاردا يەنىلا ئاز ساندا بىر خوتۇن كۆپ ئەرلىك بولۇشتەك ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئىلگىرى زاڭزۇ يىگىت - قىزلىرىنىڭ توي ئىشلىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بىر تەرەپ قىلىناتتى، ھەم رەمچىگە رەم سالغۇزۇپ قارشى تەرەپنىڭ «پۈتۈلمىشلىرىنىڭ» ياخشى - يامانلىقىغا قارايتتى. لېكىن ھازىر بۇنداق كونا ئۆرپ - ئادەتلەر خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. يىگىت - قىزلار ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلىش يولىغا ئېرىشتى. زاڭزۇلارنىڭ توي ئىشلىرىمۇ باشقا مىللەتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۆزگىچىلىكى

ناھايىتى روشەن. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە توي قىلىش تەكلىپىنى خادا ۋە هاراق سوۋغا قىلىپ ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قىز تەرەپ قوشۇلسا سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلىپ، بىر تال خادىنى قارشى تەرەپكە ئۆز رازىلىقىنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن قايتۇرىدۇ. ئاندىن پۈتۈشۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزىدۇ. زاڭزۇلار ئارىسىدا ئىچ كۈيئوغۇل قىلىۋېلىش تويى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك، ئوغۇل تەرەپ ياكى قىز تەرەپ بولسۇن قارشى تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا سۈت ھەققى ۋە خادا بېرىدۇ، ھەم توي ئەھدىنامىسى پۈتىشىدۇ، ئاندىن ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى كىرگۈزىدۇ، قىز تەرەپ هاراق ۋە چاي تەييارلاپ كەلگەن ئەلچىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ، قايتقاندا سوۋغا ۋە خادا تۇتىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا خەيرلىك بىر كۈننى تاللاپ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. يىگىت بىلەن قىز ئوغۇل تەرەپتە ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن قىز تەرەپكە بېرىپ بىر نەچچە كۈن تۇرىدۇ.

زاڭزۇلارنىڭ دەپنە ئادەتلىرىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئادەتتە كۆككە (ئوچۇق) دەپنە قىلىش، مۇنارىغا دەپنە قىلىش، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش، سۇغا دەپنە قىلىش ۋە يەرگە دەپنە قىلىش قاتارلىق بەش خىل دەپنە ئادىتى بار.

كۆككە دەپنە قىلىش ـ يەنە قۇشقا يېگۈزۈپ دەپنە قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنداق دەپنە ئادىتى زاڭزۇلار ئارىسىدا بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك بولۇپ، ئۆلگۈچىنى كاناپ رەخت بىلەن ھايات چېغىدىكىگە ئوخشىتىپ پۇت - قوللىرىنى كىرىشتۈرۈپ، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ھالەتتە تېگىپ، ئۆيىنىڭ بىر چېتىگە قويۇپ قويىدۇ، ئاندىن مەلۇم دىنىي مۇراسىملاردىن كېيىن، خەيرلىك كۈندىن بىرنى تاللاپ، جەسەتنى يۆدۈپ، تاغ ئارىسىدىكى دەپنە قىلىش مەيدانىغا ئەپچىقىپ، ئەزالىرىنى پارچىلاپ قوشقا يېگۈزىدۇ، جەسەت پاك - پاكىزە يېگۈزۈۋېتىلسە بۇ ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى دەپ تونۇيدۇ.

مۇنارىغا دەپنە قىلىش ـ ئەرۋاھ مۇنارىغا دەپنە قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل زاڭزۇلار ئارىسىدىكى ئىنتايىن ئاز سانلىق تۇغقۇلۇش بىلەن نەسەپ ئالغان رېھچىلار بەھرىمەن بولالايدىغان دەپنە ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ، بۇنداق دەپنە قىلىش ئۇسۇلىدا: پۇراقلىق ماتېرىياللار بىلەن جەسەتنى ساقلاپ قېلىپ، مېتالدىن ياسالغان مۇنار ئىچىگە قويۇپ، كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىشىغا قويۇلىدۇ، دەپنە مۇراسىمى ناھايىتى داغدۇغىلىق بولىدۇ.

سۇغا دەپنە قىلىش ـ زاڭزۇلار ئارىسىدا تىلەمچى، ساراڭ، يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئۆلگەنلەر ۋە چاچراپ كەتكەن بوۋاقلار سۇغا دەپنە قىلىنىدۇ. بۇنداق دەپنە ئۇسۇلىدا ئادەم ئۆلگەندە لاما تەكلىپ قىلىنىپ نوم ئوقۇتىدۇ ۋە دەپنە قىلىش كۈنىنى تاللىتىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان، دوست- يارەنلىرى جەسەتنى دەريا بويىغا يۆدۈپ بېرىپ، دەريانىڭ ئېقىشىغا تاشلايدۇ.

كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ـ بۇ شىزاڭدىكى زاڭزۇلار ئارىسىدىكى لامالار بىلەن باشقا زاڭزۇلار رايونلىرىدىكى يۇقىرى قاتلام لامالىرى بۇ خىل دەپنە قىلىش ئۇسۇلىغا مۇيەسسەر بولالايدۇ، ئادەتتە جەسەت كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا كۆمۈلىدۇ.

يەرگە دەپنە قىلىش ـ بۇنداق دەپنە قىلىش زاڭزۇلار بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىراق يەرگە دەپنە قىلىنغۇچىلار پەقەت قاتىللىق قىلىپ ئۆلگەن، جىددىي كېسەل ۋە موخو كېسلى بىلەن ئۆلگەنلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

## زاڭزۇلارنىڭ ئاپتونوم جايلىرى

زاڭزۇلارنىڭ ئاپتونومىيىلىك جايلىرى باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ بولۇپ، بىر ئاپتونوم رايون، ئون ئاپتونوم ئوبلاست، ئىككى ئاپتونوم ناھىيىسى بار، ئۇلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

— **شىزاڭ ئاپتونوم رايونى** — 1965- يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان، مەركىزىي لاسا، يەر مەيدانى 1 مىليون 228 مىڭ 400 كۋادرات كىلومېتر، ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 890 مىڭ (1987 - يىلدىكى ئۆلكە ئېلىپ تەكشۈرگەن سان)، زاڭزۇلار 1 مىليون 780 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 4. 94 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ـ **گارزي زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** — بۇ ئاپتونوم ئوبلاست 1950 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قۇرۇلغان. ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى كاڭدىڭ ناھىيىسىدە، يەر مەيدانى 148 مىڭ 108 كۋادرات كىلومېتر. نوپۇسى 762 مىڭ، زاڭزۇلار 554 مىڭ 633 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 72.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ـ **ئابا زاڭزۇ ـ چاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** — بۇ

ئاپتونوم ئوبلاست 1953 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ماڭىركاڭ ناھىيىسىدە. يەر مەيدانى 82 مىڭ 768 كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 725 مىڭ، زاڭزۇلار 306 مىڭ 56 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 42.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**- دېچىڭ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** - بۇ ئاپتونوم ئوبلاست 1957 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قۇرۇلغان. ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى جۇڭدىيەن ناھىيىسىدە. يەر مەيدانى 23 مىڭ 175 كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 276 مىڭ، زاڭزۇلار 90 مىڭ 850 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 32.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**- گەنەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** - بۇ ئاپتونوم ئوبلاست 1953 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى خېزو بازىرىدا. يەر مەيدانى 44 مىڭ 141 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 575 مىڭ، زاڭزۇلار 230 مىڭ 536 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 44.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**- يۈشۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** - بۇ ئاپتونوم ئوبلاست 1951 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قۇرۇلغان. ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى جېيگۇ بازىرىدا. يەر مەيدانى 197 مىڭ 791 كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 192 مىڭ، زاڭزۇلار 183 مىڭ 837 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 95.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**- خەينەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** - بۇ ئاپتونوم ئوبلاست 1953 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قۇرۇلغان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى چابۇچا بازىرىدا. يەر مەيدانى 46 مىڭ 634 كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 324 مىڭ، زاڭزۇلار 154 مىڭ 513 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 47.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**- خۇاڭنەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** - بۇ ئاپتونوم ئوبلاست 1953 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قۇرۇلغان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى لوڭۇۋ بازىرىدا. يەر مەيدانى 147 مىڭ، 901 كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 147 مىڭ، زاڭزۇلار 94 مىڭ 597 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 64.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**- خەيبېي زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** - بۇ ئاپتونوم ئوبلاست 1953 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قۇرۇلغان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى خاۋيەن بازىرىدا. يەر مەيدانى 52 مىڭ 706 كۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي نوپۇسى 219 مىڭ، زاڭزۇلار 39 مىڭ 540 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 18 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**- خەيشى موڭغۇل - زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** - بۇ ئاپتونوم ئوبلاست 1954 - يىلى 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قۇرۇلغان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى دېلىڭخا بازىرىدا، يەر مەيدانى 328 مىڭ 787 كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 269 مىڭ، زاڭزۇلار 23 مىڭ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 11.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**- گولوگ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى** - بۇ ئاپتونوم ئوبلاست 1954 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغان. ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى داۋۇ بازىرىدا. يەر مەيدانى 78 مىڭ 444 كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 103 مىڭ، زاڭزۇلار 91 مىڭ 250 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 88 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**- تيەنجۇ زاڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** - بۇ ئاپتونوم ناھىيە 1950 - يىلى 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قۇرۇلغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى خۇازاڭسى بازىرىدا. يەر مەيدانى 7154 كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 184 مىڭ، زاڭزۇلار 44 مىڭ 602 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 24.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**- مۇلى زاڭزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى** - بۇ ئاپتونوم ناھىيە 1953 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قۇرۇلغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى بوۋا بازىرىدا. يەر مەيدانى 12 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر. نوپۇسى 100 مىڭدىن ئارتۇق، زاڭزۇلار 30 مىڭ 118 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 29.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: خەمىت نىغمەت

تەھرىرى: ئەكبەر گۈلى

# مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ۋە ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقى

**مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى**

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە — دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ سىياسىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم سىياسىي تۈزۈملىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ تەركىبىي قىسمى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە دېگەندە: ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت خەلقى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇپ،ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە خاسلا مىللىي ئاپتونومىيە ئەمەس، شۇنداقلا يەرلىك ئاپتونومىيىمۇ ئەمەس، بەلكى مىللىي ئامىل بىلەن تېررىتورىيە ئامىلىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى، ھەم سىياسىي ئامىل بىلەن ئىقتىسادىي ئامىلنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى.

**ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى**

مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار بىلەن ئادەتتىكى جايلارنىڭ پەرقى يالغۇز ئۇنىڭ نامىدىلا ئەمەس، ياكى ئۇ يەرلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپرەك بولغانلىقىدىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاساسلىق پەرقى «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى (خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتى)تەڭ دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، يەنە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش»تە، ئاپتونومىيە ھوقۇقى«ئاساسىي قانۇن»ۋە «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»قاتارلىق قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن كەڭ مەزمۇنغا ئىگە ھوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى مۇنۇلار: ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈشتىن ئىبارەت قانۇن تۈرغۈزۈش ھوقۇقى؛ ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ قارالما، قارار، بۇيرۇق ۋە يوليورۇقلىرىنى قانۇنغا بىنائەن ئۆزگەرتىپ ئىجرا قىلىش ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىش ھوقۇقى؛ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ۋەزىپە ئىجرا قىلغاندا، شۇ جايدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل تىل - يېزىقنى قوللىنىش ھوقۇقى؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە ئىشچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى؛ دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز جايىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئائىت فاڭجېن،سىياسەت ۋە پىلانلارنى تۈزۈش، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى؛ ئۆز جايىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى قانۇنغا بىنائەن قوغداش ۋە ئالدى بىلەن مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىش ھوقۇقى؛ دۆلەتنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، تاشقى سودا، چېگرا سودىسىنى قانات يايدۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى؛ مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى. 1984 - يىلى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، 22 ئاپتونوم ئوبلاست، 39 ئاپتونوم ناھىيە ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى تۈزدى، بەزى ئايرىم نىزاملارمۇ ئارقا - ئارقىدىن دۇنياغا كەلدى.

(تەييارلىغۇچى: ئىدرىس بارات)




# مىللىي ئاڭ ۋە زامانىۋى ئاڭ

ئابدۇكېرىم راخمان

يېقىندىن بۇيان ئاڭ مەسىلىسى ھەققىدە كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان خېلى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بۇ مۇلاھىزىلەرنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، ئاڭ (ئىدىيە) نوقۇل پسىخولوگىيە ياكى پەلسەپە كاتېگورىيىسى بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ئىزاھلانماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇنى بازار ئىگىلىكىنى گەۋدە قىلغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت دەۋرىمىزنىڭ رېئال ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، روشەن قاراتمىلىققا ئىگە قىلىنغانلىقىدا.

مىللىي ئاڭ بىلەن زامانىۋى ئاڭ قارىمۇ قارشىلىقىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت دىئالېكتىك مۇناسىۋەتكە ئىگە. بىر مىللەت، بىر دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا مىللىي ئاڭنىڭ يېتەرلىك دەرىجىدە تىكلىنىشى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات نىشانىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق بىر مىللەت ياكى دۆلەت تارىخىي يۈسۈندا شەكىللەنگەن ئورتاق ئەنئەنىۋى ئاڭ بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ ۋە ئەنە شۇ مىللىي ئاڭ گەۋدىسى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىشى ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە گەۋدىلەنگەن مىللىي ئاڭنىڭ بولۇشى بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ. چۈنكى، «ھەر قانداق مىللەت يەككە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە تەرەققىي قىلغان ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەتراپىدىكى مىللەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن». بۇ ئەھۋال مىللىي ئاڭنى زامانىۋى ئاڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

دەرۋەقە، زامانىۋى ئاڭدىن ئىبارەت قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈككە ئىگە بولمىغان مىللەتنى دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن

ياۋروپا بۇرژۇئا ئىنقىلابى ئالدى بىلەن ئاڭ جەمئىيەتتىكى ئىنقىلابنى بۆسۈش ئېغىزى قىلغان. ناۋادا، ياۋروپالىقلارنىڭ زامانىۋىلىشىش قەدىمى تېز بولدى، دېيىلسە، «ئىنتېرناتسىئونال مارشى» دىكى «ئەزەلدىن يوق قۇتقازغۇچ خۇدا، يۆلەنمەيمىز ئەۋلىيا-خانىغا» دېگەن ئۈمىدۋار روھ بىلەن ئېڭىنى يېڭىلاپ، جاسارەت بىلەن زامانىۋى ئاڭغا يۈزلەنگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بىز ھازىر پىلانلىق ئىگىلىكتىن زامانىۋىلىشىشنى نىشانلىغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە كۆچۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىسلاھات دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. بۇ دەۋر ئۆز خاراكتېرى بىلەن ئۇزاق ئەسىرلىك فېئودال ناتۇرال ئىگىلىك تەسىرىدە بىخلىنىپ، ئاستا-ئاستا مەنىۋىيىتىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يىلتىز سۈرگەن سېھرىي خۇسۇسىيەتلىك روھىي مەرمەزلەردىن ئۈزۈل-كېسىل قول ئۈزۈپ، ئاڭ ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشنى تەقەززا قىلماقتا.

ئېلىمىز ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۇ سوتسىيالىزم چوڭ ئائىلىسىدىكى 56 مىللەتنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئۆزىنىڭ تۈپ نىشانى قىلغان. بۇ نىشان ئاستىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تەلىپى بىردەك بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە قەدىمى تەكشى ئەمەس. بۇنداق تەكشىسىزلىك پەيدا بولۇشىدا ئوبيېكتىپ تارىخىي سەۋەبلەردىن باشقا، يەنە مىللىي پىسخىك ئاڭنىڭ دەۋرگە ماسلىشىش-ماسلىشالماسلىقىدەك ئىچكى ئامىلمۇ مۇھىم رول ئوينىغان.

بىزگە مەلۇمكى «4-ماي» يېڭى مەدەنىيەت قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ جەسۇر بايراقدارى لۇشۈن ئەينى ۋاقىتتا ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن «شەرقنىڭ كېسەل كۆرپىسى» دەپ كەمسىتىلگەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېڭىدىكى «فېئوداللىق روھىي مەئبۇت» لارنى چېقىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئاڭ ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى سىگنالىنى چالغان ئىدى. ئۇنىڭ «چۇقان» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلىرى مەقسەتلىك ھالدا مىللىي ئاڭنى يېڭىلاش ئىستىكىنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسىدۇر. لۇشۈن بۇ ئەسەرلىرىدە ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدىغان، ياۋاشنى بوزەك ئېتىپ، ياماندىن قورقىدىغان، ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىلىدىغان، ھاقارەتكە تەن بېرىدىغان، بەزىدە «ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى» دەپ ئۆزىنى چوڭ تۇتسا، بەزىدە ئۆزىنىڭ ئادىمىلىك ئورنىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان، ئۆزى ئوسۇرۇپ ئۆزى كۈلىدىغان، ئەتىكى قويرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكىنى ئەلا بىلىدىغان، «يا خۇداغا بەندە ئەمەس، يا شەيتانغا لاخشىگىر» بولالمايدىغان، «روھىي غالىبىيەتچىلىك» ئېڭىنى قاتتىق قامچىلىغان. ئەينى تارىخىي دەۋردە جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بۇ خىل «روھىي غالىبىيەتچىلىك» ئېڭى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە پەسىيىپ داۋاملىق ئىپادىلىنىپ تۇردى.

لۇشۈننىڭ ئاڭ ئىنقىلابى جەھەتتىكى قەيسەر روھىي ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئوتلۇق شېئىرلىرىدىمۇ خېلى چوڭقۇر ئىپادىلەندى. ئۇ، ئۇيغۇر پىسخىك ئېڭىدىكى نادانلىق، ئۈمىدسىزلىك، قاششاقلىق قاتارلىق روھىي ئىللەتلەرنى زامانىۋى تەرەققىيات ئېڭىغا سېلىشتۇرۇپ مۇنداق يازغان ئىدى:

ئىلىم - پەنگە بۇرۇش قىلغان ئۇچار
كۆكتە-ئۈزەر سۇدا،
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە
قالغىنىمىز باردۇر.

دەرۋەقە، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ تىكلىنىشى يېڭىچە سوتسىيالىستىك كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈردى، بۇ خىل مۇناسىۋەت ئالدى بىلەن ئاڭنى يېڭىلاش جەھەتتە ئىپادىلەندى. لېكىن دۇنيانىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارا

ساقلانغانلىقى بولمايدىغان رىقابەت ئېڭى يېتىلدۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ.

بىر قانچە يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىسلاھات غەلىبىلىرى شۇنى چۈشەندۈردىكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى مەزمۇن قىلىنغان ئىسلاھاتقا ئاڭ جەھەتتىن چوڭ ماسلاشساق چوڭ نەتىجە، يېرىم ماسلاشساق يېرىم نەتىجە قازىنىمىز، ماسلىشالمىساق ئىسلاھات قوشۇنى بىزنى سەپتىن شاللىۋېتىدۇ. مىللىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات نىشانىمۇ مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ شەرتلەرگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەدېسىلا سىياسەتنى پەش قىلىپ «ئېتىبارغا ئېرىشىش» پىسخىكىسىغا خاتىمە بېرىدۇ. «تۆمۈر تاۋاقنى چېقىش» ئىدىيومىنىڭ مەنىسىمۇ ئەنە شۇ.

بىز ھازىر ئېچىلىۋېتىلگەن دېڭىز بويى رايونلىرى بىلەن چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك تەرەققىياتىدىكى پەرقىنىڭ كۈنسېرى چوڭىيىۋاتقانلىقىنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسىدىكى گەۋدىلىك پەرقلەرنى كۆپ تىلغا ئېلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن چىقىش يولى ئىزدىمەكتىمىز. دەرۋەقە، بۇنداق ئىقتىسادىي پەرقلەرنىڭ چوڭىيىشىدا چوڭقۇر تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن باشقا، ئۆزىمىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئېڭىمىزدىكى پىسخىك قاششاقلىقتىن ئىبارەت ئىچكى سەۋەبنىڭمۇ رول ئويناۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بىزگە زۆرۈر بولۇۋاتقىنى يەنىلا مىللىي ئېڭىمىزنى يېڭىلاپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يېڭىچە روھ بىلەن يۈزلىنىش مەسىلىسى. بىز سەگەكلىك بىلەن ئەتراپىمىزغا نەزەر تاشلىساق ۋۇجۇدىمىزدا «ئا Q روھى» نىڭ تېخى ھاياتلىقىنى ھېس قىلىمىز. يولداش ئىدرىس بارات «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىلى 1-سانىغا بېسىلغان «مىللىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، مىللىي ئىختىساسلىق خادىملار بولۇشى لازىم» دېگەن ماقالىسىدە كۆرسەتكەندەك، تېخىچە «ئۆتۈنۈگۈنكى كۈندە ياشاۋاتقان»، «شىنجاڭ ئەزەلدىن ياخشى بىر ماكان، يەر بايلىقى مول تۇرمۇش پاراۋان» دېگەن كونا ناخشىغا مەھلىيا بولۇپ كېتىپ، ئۆتمۈشنىڭ ئېمىزگىسىدە ئۆزىمىزنى بەزلەيدىغان روھىي ھالەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز.

«ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» نى خالايدىغان خېلى كۆپچىلىك كىشىلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېڭىدا گەۋدىلىك بولۇۋاتقان «روھىي غالىبىيەتچىلىك» نىڭ يېڭى تارىخىي دەۋر شارائىتىدىكى خىلمۇ خىل ئىپادىلىرىنى ئەپسۇسلىنىپ تىلغا ئېلىشماقتا. ئۇلار ئاشۇنداق روھىي ئىللەتلەرگە قارشى جەڭ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي ئادەت كۈچىنىڭ «مىللىي خائىن»، «دەھرىي»، «مۇناپىق» دەپ ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ «خۇدا ئۆزى بىر نېمە دەر» دەپ ئەلەملىك پىغان ئىچىدە پۇچۇلانماقتا. لېكىن «ئا Q روھى» ئۆلمىگەن ئىكەن، «لۇشۈن روھى»مۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ. لۇشۈنچە ئاچچىق يېڭىلاش جەڭچىلىرى ھامان ئالدىنقى سەپكە چىقىدۇ. مەن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىن مۇشۇنداق جەڭگىۋار روھنىڭ تاڭنۇرىنى كۆرۈۋاتىمەن. خالىسىڭىز مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 1994 ـ يىلى 1 ـ سانىغا بېسىلغان تىلى چۇچۇك، دىلى تۈزۈك شائىر روزى سايىتنىڭ «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم...» ناملىق يەتتە ستونلۇق شېئىرىنى ئوقۇپ كۆرۈڭ. «خۇدانىڭ يەتتە كۈنى» گە يەتتە شىڭگىل خاسىيەتلىك پىكىر ھەدىيە قىلغان بۇ شېئىرنى «مىللەت خىتابنامىسى»، غۇرۇرلۇق ۋە شىجائەتلىك ۋەتەنپەرۋەرنىڭ قەلبىدىن ياڭرىغان «مىللەتنى سۆيۈش دۇئاسى»، ئۆزىنى بىلىشنى خالىغان ئىنساننىڭ «قەلب ساداسى» دېيىش مۇمكىن.

دەرۋەقە، بۈگۈنكى مىللىي ئېڭىمىزدا روزى

سايىت سۈرەتلىگەندەك، قۇمدەك چېچىلاڭغۇلۇق، قىزىلكۆزلۈك، ئۇرۇشقاقلىق، زىتلىشىش، ھەسەتخورلۇق، رىيا، پىتنە-پاسات، كۆرەلمەسلىك، ۋاپاسىزلىق، ئىچى تارلىق، ھورۇنلۇق، بىخودلۇق، ھاكاۋۇرلۇق، مەزھەپ-گۇرۇھۋازلىق، يۇرتۋازلىق، خوتۇنبازلىق، مەيخورلۇق، مودا ۋازلىق، شەھۋانىلىق، مەرىپەتسىزلىك، غايىسىزلىك، قارانىيەت، ساختا شۆھرەت، غەيۋەت - شىكايەت، ئىككى يۈزلىمىلىك، خۇشامەتچىلىك، خوراپاتلىق، ئالدامچىلىق... قاتارلىق غەيرىي ئىنسانىي ئامىللار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرەش قىلىش ئورنىغا، ئۈمىدسىزلىنىپ رىقابەت سەھنىسىدىن پەشنى قېقىپ چۈشۈپ كەتكىلى بولمايدۇ.

«رىقابەت، مەرىپەتنىڭ ئالىمى بۇ - باشقىچە ئالەم،
ئېلېكتىرلەشتى بۇ كەمدە قازان ھەتتا ئوچاقلارمۇ.»

بىز ئەنە شۇنداق رىقابەت ئالىمى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئىكەنمىز، ئۈمىدۋار بولۇش، قەدەمنى پۇختا تاشلاش، غاپىللىقنى ئىسلاھات تىگى بىلەن گۆرىگە دەپنە قىلىش، بۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ئويلاش، مەيۇسلەنمەي ئۈمىد نۇرىدا ياشناش ئارقىلىق ئىنسانلىق كامالىتىمىزنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇش، مىللىي ئېڭىمىزدىكى يۇقىرىقىدەك پاسسىپ ئامىللارنى تازىلاپ، ھەقىقىي ئىنسانلىق مەسئۇلىيىتىگە بولغان سېزىمچانلىقىمىزنى ئۆستۈرۈش مىللىتىمىزنىڭ ئۈمىدى ۋە چىقىش يولى.

× × ×

مىللىي ئاڭنى يېڭىلاش تەشەببۇسى مىللىي خاراكتېر ۋە مىللىي روھنى قارا-قويۇق ئىنكار قىلىش ئەمەس، ياكى ئۇنى زامانىۋى مىللەت قېلىپىدا قايتا قۇيۇپ چىقىش ئەمەس. چۈنكى، بىر مىللەتنىڭ ئېڭى ئۇزاق-ئەسىرلىك تارىخىي جەريانلاردا كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەبىئىي شەكىللەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر. ئۇ تاللىنىش ۋە تاۋلىنىش نەتىجىسىدە تارقاق ئاڭ ھالەتلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئورتاقلىقتا ۋە ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە بولغان. لېكىن ئىقتىسادىي، سىياسىي - ئىجتىمائىي ئامىل، تەبىئىي مۇھىت (جۇغراپىيىلىك ئامىل) ۋە دىنىي ئامىللارنىڭ ئوخشىمىغان تەسىرى بىلەن ئۆزىگە بەزى پاسسىپ ئېلېمېنتلارنىمۇ يۇقتۇرۇۋالغان. بىزنىڭ زامانىۋى ئاڭ ئەندىزىدە يېڭىلىماقچى ۋە ئۆزگەرتمەكچى بولغىنىمىز مەنىۋىيىتىمىزنى بۇلغاۋاتقان ۋە مىللەتنىڭ روناق تېپىشىغا كاشىلا بولۇۋاتقان ئەنە شۇنداق پاسسىپ ئامىللاردۇر.

مىللىي ئاڭنى يېڭىلاش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا مۇنداق ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك؛ بىرى، مىللىي ئاڭنى يېڭىلاش ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىپ مۇئەييەن شەكىلگە كىرگەن ئېسىل ئەنئەنىلەرنى ئىنكار قىلىش ئەمەس، بەلكى بۇ خىل ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئۇنىڭ مىللىي ۋە ئىنتېرناتسىئوناللىق دىئالېكتىكىسى بويىچە ۋارىسلىق قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا، دەۋر ئېقىمىغا زىت كېلىدىغان مەنىۋى ئۇدۇملاردىن ۋاز كېچىش، مىللىي ئاڭنى خۇنۇكلەشتۈرۈۋاتقان روھىي ئىللەتلەرگە ھەممىمىز ئاڭلىق ھالدا بىردەك قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ راك ۋە ئەيدىز مىكروبلىرىدەك يامان سۈپەتلىك ئۆسمە پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، كۆنسېرى زامانىۋى ئاڭنى تەكىتلەۋاتقان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى مەلۇم نۇقتىدا مىللىي ئاڭنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ۋە يىلتىزىنى ئىزدەشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، سەنئەت مىللىي مەدەنىيەتنى قانچىلىك دەرىجىدە ئورتاقلىقتا ۋە زامانىۋىلىقتا يېتەكلەپ ماڭسا، يەنە شۇنچىلىك دەرىجىدە مىللىيلىككە ۋە خاسلىققا يۈزلەندۈرۈش مەسئۇلىيىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. مەشھۇر سەنئەتكار دىمنا ئېيتقانىدەك، «ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلارنىڭ قەلبىگە ئورۇق بولۇپ تېرىلغان روھىي ماھىيەت، ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادلارنىڭ

ۋۇجۇدىدا هامان گەۋدىلىنىدۇ» غانلىقى ئۈچۈن، مەجبۇرىي هالدا «ئۆردەكنىڭ مىڭىشىنى دورايمەن دەپ، كەكلىكنىڭ ئۆز مىڭىشىنى ئۇنتۇپ قالغان» دەك هالەتكە چۈشۈپ قالماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۆزىنى ھەقىقىي بىلىشتىن پەيدا بولىدىغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى كىشىگە غۇرۇر ۋە شىجائەت بەخش ئېتىپ، رىقابەت ئېڭىنى يېتىلدۈرىدۇ ۋە زامانىۋى ئاڭ ئۈچۈن ئۇل هازىرلايدۇ.

يەنە بىرى، بىز ئېڭىمىزدىكى ئۆتمۈشتىكىلەرنىڭ جۇگىسىدا تەرلەشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، «قاغا بالام ئاپئاق بالام، كىرپە بالام يۇمشاق بالام» دەپ ئۆزىمىزنى ئالدايدىغان، كۆزىمىزگە قىزىل كۆزەينەك تاقىۋېلىپ، تۆت كوچا ئېغىزىدىن ھېچكىمنى ئۆتكۈزمەيدىغان ئېگىلىزملىق تار مەھكىمچىلىكنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. بۇنداق پىسخىك هالەت بىزنى زامانىۋى ئاڭدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، خانىقانىڭ داش قازىنىنى «ئاتوم قازىنى» دەپ ماختىنىدىغان چېكىدىن ئاشقان مىللىي كۆرەڭلىكنى پەيدا قىلىدۇ.

بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، تارىخ غايەت زور مەنىۋى ئېتىقاد ۋە ئادەتلەرنىڭ سىرلىق قەسىرلىرىنى مەڭگۈلۈك توختاۋسىز قەدەملىرى بىلەن چەكسىز يىراقلاردا قالدۇردى ۋە ئۇنىڭغا مەڭگۈ تەكرارلانمايدىغان ئاقىۋەت ھەدىيە قىلدى. ئەينى تارىخنىڭ مەھسۇلى بولغان قەدىمكى ئىنسان مەنىۋى رېئاللىقى ئىنسانىيەت خاتىرىسىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ، بۈگۈنكى ئىنسانلار ئۈچۈن كۈلكىلىك چۈشكە ئايلاندى. كۈنىبىرى يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەۋاتقان هازىرقى زامان ئېڭى، تەبىئەتنىڭ سىرلىق تۈگۈنلىرىنى يېشىپ تاشلىغان ئاتوم دەۋرى ئۆزىنىڭ ئېلېكترونلۇق جۇلاسى بىلەن ساپ ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنى، مۇقەددەس ئۇدۇملارنى ئۆتمۈشنىڭ قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىۋەتتى، هازىرقى زامان ئىنسانلىرىمىز كۆك بۆرىنىڭ يۇمران تېرىسىگە ئورۇنۇپ ئەمەس، بەلكى زامانىۋى مەدىنىيەتنىڭ ئاق خالاتلىق ھەمشىرىلىرى قولىدا خىمىيىۋى، فىزىكىۋى دورا ھىدلىرى ئىچىدە بوشىنىدىغان بولدي ۋە باشقىلار ... قىسقىسى، هازىرقى زامان رېئاللىقى بىلەن تارىخ ئوتتۇرىسىدا يادلىشىش بولدى. شۇڭا يەنىلا ئەجدادىمىزنى پەش قىلىپ، ئۆتمۈشنىڭ پەر ياستۇقىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باقمايدىغان زامانىۋى ئاڭ تەسىرىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماقچى بولىدىكەنمىز ،ئۇ هالدا خۇددى چىڭگىز ئايتماتوۋ يازغاندەك «ماڭقۇرت تراگېدىيىسى» قايتا يۈز بېرىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، زامانىۋى ئاڭ بىلەن مەنىۋىيىتىمىزنى نۇرلاندۇرۇش زامان سىرىلكىسى X XI ئەسىرنى كۆرسىتىشكە باشلىغان ئىسلاھات دەۋرىنىڭ جىددىي تەقەززاسى، مىللىي ئېڭىمىزنى ئويغىتىپ، مىللەتنى ئىلىم-پەن ئارقىلىق روناق تاپقۇزۇشنىڭ تۈپ يولى.

«بىر تۈمەن يىل بەك ئۇزاقتۇر بەك ئۇزاق،
ئوتتۇلۇق بۈگۈنكى پەيتنى چىڭ تۇرۇپ».

تەھرىرى: ئىدرىس بارات



ئابدۇكېرىم راخمان 1941- يىلى 12- ئاينىڭ 18- كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ قوغان يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1964 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شۇ فاكۇلتېتتا ئىزچىل ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇنىڭ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى»، «ئەدەبىيات ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «يىپەك يولى بويىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەر»، «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى» قاتارلىق ئون نەچچە كىتابى ۋە 70 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى نەشر قىلىنىپ، كەڭ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى، ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قانچە قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنلىرىدا ماقالە ئېلان قىلىپ ياخشى باھاغا ئېرىشتى. جۇڭگو فولكلور جەمئىيىتى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ [illegible]



جەنۇبىي شىنجاڭ يېزا بازارلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر







بر پىيالە چاي ئىچۈبلىك



ئۆتمۈشنىكى بانچى

يىنداۋلۇ فوتو

سۈرەت

ئەسەرلىرى

دىن تاللانما





يايلاق بۈركۈتى









# ئەلى ئابدۇرېھىم ھۆسن خەت

## ئەسەرلىرىدىن تاللانما








# ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئىسلام دىن قائىدىلىرى بىلەن بولغان پەرقى ۋە باغلىنىشى

**ئابدۇۋەلى ھامۇت**

ھەر قانداق مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۇزاق مۇساپىسىدە شەكىللەندۈرگەن ئۆزىگە خاس ئىقتىسادىي بىرلىك، تىل ـ يېزىق، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن باشقا مىللەتلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارى ۋە قىزىقىشىنى قوزغايدىغان مۇھىم تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى، دىن ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەم تۈرلۈك ئۆزگىرىش جەريانلىرى بىلەن مەيلى كۆرەش ھالىتىدە بولسۇن ياكى قوبۇل قىلىش ۋە بىرلىشىپ كەتكەن جەريانلىرىدا بولسۇن ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇزاق يىللار بىرگە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىرقى كۈندە دىنىي قائىدىلەر بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىمىسا ئاجرىتىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بىرلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ئىسلام دىن قائىدىلىرىنى ئوخشاش بىر مەنىدە چۈشىنىدىغان قاراشلار كۆپ. ئەمما دەل مەنىسىدىن ئېيتقاندا ئىسلام دىن قائىدىلىرى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان ئىككى خىل كاتېگورىيە ۋە ئىككى خىل ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى دېگەندە بىز ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ ئۇيۇشۇش جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ۋە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش قائىدىلىرى ياكى قائىدە-يوسۇنلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. ئىسلام دىن قائىدىلىرى دېگەندە بولسا «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»تە بەلگىلەنگەن،

مۇسۇلمانلار ئىجرا قىلىدىغان (پەرز، سۈننەت قاتارلىقلارغا ئوخشاش) پرىنسىپلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن ئىسلام دىن قائىدىلىرى مەزمۇن، شەكىل، ئالاھىدىلىك ۋە دائىرە جەھەتلەردە پەرقلىق ئىككى خىل كاتېگورىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق بىر قانچە جەھەتتە كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئىككىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتى ئوخشىمايدۇ. ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى ــ ئۇيغۇرلار مىللەت بولۇپ ئۇيۇشقاندىن باشلاپلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋە شەكىللەنگەن. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇ تۇرلۇك ئۇسۇللار ئارقىلىق تەرەققىي قىلىپ كەلدى. ئىسلام دىن قائىدىلىرى بولسا مىلادىيە VII ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلام دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلدى ۋە كېڭەيدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەنلىكى ھەممىگە مەلۇملۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلار تېخى 10ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. شۇنداق ئىكەن ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا شەكىللىنىپ بولغان دېيىشكە ھەقلىقمىز.

ئىككىنچى، ئۆرپ ـ ئادەت مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈشتىكى مۇھىم بىر بەلگە. لېكىن دىنىي قائىدىلەر ئارقىلىق مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنى باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئىسلام دىن قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلغان ـ قىلمىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ياكى ئۇيغۇر ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر، ئۇ ئىسلام دىن قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلدى، شۇڭا ئۇيغۇر، بۇ ئىسلام دىن قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلمىدى، شۇڭا بۇ ئۇيغۇر ئەمەس دېيىلىدىغان بولسا ئۇ ھالدا دۇنيادىكى 2000 دىن ئارتۇق مىللەتنى ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر ئەمەس دېگەن ئىككىلا تۈرگە ئايرىشقا توغرا كېلىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىنتايىن بىمەنە ۋە خاتا بولىدۇ، خالاس.

ئۈچىنچى، ئىسلام دىن قائىدىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى بارلىق مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان، ئومۇمىيلىققا ئىگە. لېكىن ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ- ئادەتلىرى ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. مەسىلەن: ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزى تۇتۇش، ئۆشرە- زاكات بېرىش، ھەج قىلىش ۋە نەزىر - چىراق قىلىشقا ئوخشاش بەلگىلىمىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى بارلىق مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاقلىققا ئىگە. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئوخشىمىغان مىللەت ھېسابلىنىدۇ.

تۆتىنچى، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئىپادىلىنىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ. مەزمۇندىن قارىغاندا، ئىسلام دىن قائىدىلىرى تەبىئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر ئىلاھى كۈچنى ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى بولسا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان تۇرمۇش مىزانلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شەكىلدىن قارىغاندا، ئىسلام دىن قائىدىلىرى باشقا دىنلارغا ئوخشاش سىستېمىلاشقان ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە شەكىللىرىگە مەنسۇپ، لېكىن ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى بولسا باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادەتلىرىگە ئوخشاش ئىجتىمائىي روھىي ھالەت ياكى ئىجتىمائىي پسىخىكىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

بەشىنچى، ئىسلام دىن قائىدىلىرى ئالاھىدە دىنىي ئەسلىھە ۋە خادىملار بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەسلىھە ۋە ئالاھىدە خادىملارنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمايدۇ. مەسىلەن: ئىسلام دىن قائىدىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى «قۇرئان»، مەسچىت ۋە ئالاھىدە دىنىي خادىملار ـ ئىمام، قازى، موللا، خەلپەتلەرگە ئوخشاشلاردىن تەشكىل تاپقان قۇرۇلما ئارقىلىق

ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھالبۇكى ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە بولسا مۇنداق ئالاھىدە شەكىل ۋە ئالاھىدە قۇرۇلما بولمايدۇ. شۇڭا ئىسلام دىن قائىدىلىرى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بارلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك.

ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئىككى ئۇقۇم ۋە ئىككى خىل قائىدە بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاجرىتىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۇغۇرۇلۇشۇپ كەتتى؟ بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئامىللار زادى قايسى؟ بۇنى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن ئىزدەش كېرەك.

بىرىنچى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان 1000 يىل مابەينىدە ئىسلام دىن قائىدىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىي، مەنىۋى تۇرمۇش جەريانلىرى ۋە بارلىق ئۆرپ ـ ئادەت قائىدە ـ يوسۇنلىرىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ئىسلام دىن قائىدىلىرى بىلەن بىرگە بولۇش ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىنىڭ مۇنداق ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى تەبىئىي ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆزئارا سىڭىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىن ئىدىيىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، مەدەنىيىتى جۈملىدىن ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئىسلام دىن ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلاھ قىلىنىشقا دۇچ كەلدى ۋە ئىسلام دىن رامكىسىغا سىڭدۈرۈلدى. مەسىلەن، ئۇلۇغ ئالىم ماخمۇت قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا سۇغدىچ (Suqdiq) نامى بىلەن قاتار بەزمە، قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا بولىدىغان مەشرەپنى بىر خىل ئۆرپ ـ ئادەت سۈپىتىدە تىلغا ئالىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى قوشاقلار ۋە مىلادى 5 ـ 6 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ «قىزىل مىڭئۆيى»، تۇرپان «بېزەكلىك مىڭئۆيىدىكى» تام رەسىم قاتارلىق تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن بۇ بەزمىلەر ئەر ـ ئايال بىرلىكتە ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدىغان، شاراب ئىچىپ كۆڭۈل ئاچىدىغان بىر خىل مۇراسىم شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ھالبۇكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنى يول قويمايدىغان بىر مۇنچە ئادەتلەر مەسىلەن: ئەر ـ ئايال بىرلىكتە مەشرەپ ئوينايدىغان، شاراب ئىچىدىغان ئادەتلەر سىقىپ چىقىرىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا بەزى دىنىي ئادەتلەر مەسىلەن: كىتابخانلىق قىلىدىغان، دىنىي ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتىدىغان مەزمۇنلار سىڭىپ كىردى. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى ئورۇنلىرىدا بۇ خىل مەشرەپ شەكلى ھازىرمۇ بار. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلار خۇددى يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك ئىسلام دىن قائىدىلىرىنى ئۇزاق مەزگىل ئىجرا قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ بىر قىسمى ئۇيغۇرلار ئىچىگە گويا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدەك سىڭىپ كىرگەچكە ئۆلۈم ـ يېتىم، نەزىر ـ چىراق ۋە توي ـ تۆكۈن ئىشلىرىدا بۇ قائىدىلەرنى دىنىي قائىدە سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى بىر خىل ئۆرپ ـ ئادەت سۈپىتىدە تەبىئىي ھالدا قوللىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئۆزئارا چەكلەش ۋە ئۆزئارا سىڭىپ كىرىش جەريانى ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ئىسلام دىن قائىدىلىرىنىڭ يېقىنلىشىشىغا سەۋەب بولغان.

ئىككىنچى، ئىسلام دىن قائىدىلىرى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىكى بەزى ئورتاقلىقلار ئىككىسىنىڭ ئاجرىتىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يېقىنلىشىپ كېتىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنى بىر خىل ئېتىقاد شەكلى بولۇش سۈپىتى بىلەن زور كۆپچىلىك كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىكى بەزى تەشەببۇسلار خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى ئىپادىلىمەي قالمايدۇ. ھالبۇكى ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ ئۇيغۇر خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى، شۇنداق ئىكەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قىسمەن ئورتاقلىقنىڭ بولۇشى تەبىئىي،

بۇنداق ئورتاقلىق ماھىيەتتە ئىسلام دىن قائىدىلىرى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ يېقىنلىشىشىغا سەۋەب بولغان. مەسىلەن: «قوشنىغا سادىق بولۇش» ئۇيغۇرلاردىكى ئەڭ قەدىمكى ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلاردا قوشنىدارچىلىق بىر ـ بىرىنىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشىغا ھەمكارلىشىش، بەخت ۋە دەرت ـ ئەلەمگە ئورتاقلىشىش دېمەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلاردا «يىراقتىكى تۇغقاندىن، يېقىندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن تەمسىل بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام دىنىدا «قوشنا بىلەن زىنا قىلغاننى خۇدا كەچۈرمەيدۇ» دېگەن ئەقىدە بار. بۇنىڭدىن باشقا ئاتا ـ ئانا ۋە چوڭلارنى ھۆرمەتلەش بۇمۇ ئىسلى مەنىسىدىن ئېيتقاندا دىنىي ئەقىدە ئەمەس، ئازراق غورۇرغا ئىگە ھەر قانداق بىر ئىنسان پەرزەنتى ئۆزىنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان ۋە بېقىپ ئۆستۈرۈپ قاتارغا قاتقان، شۇنىڭدەك ئەقىل بېرىپ دۇنيانى تونۇتقان ئاتا ـ ئانىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىنساننى ھەم ئۇنىڭ بىلەن قۇرداش چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. بۇ دىن ياكى ھەر قانداق ئەقىدە بىلەن باغلانمىسىز ھالدا ئىنسان قەلبىدە بولىدۇ. لېكىن ئىسلام دىنىدىمۇ «ئاتا رازى، ئانا رازى يارالغان خۇدا رازى» دېگەنگە ئوخشاش ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەقىدىلەر بار. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۇنچە ئورتاقلىقلار ئىسلام دىن قائىدىلىرى بىلەن ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرغان.

دېمەك، ئۇيغۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ئىسلام دىن قائىدىلىرى ھەم بىر ـ بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ھەم ئۆزئارا باغلىنىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە. لېكىن بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ئىسلام دىن قائىدىلىرى ئۆزئارا باغلىنىدۇ دېگەندە، بۇ ھەرگىز ئىككىسى قوشۇلۇپ بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كەتتى دېگەننى چۈشەندۈرمەيدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ئۆزىدىكى ئاجايىپ گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇش ئەنئەنىلىرى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىپلا قالماستىن بەلكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەردىنمۇ روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

تەھرىرى : خەمىت لېغمەت

# يىگىتلەر سېتىلىدىغان

# غەلىتە بازار

ھەر يىلى ھىندى كالېندارى بويىچە 3 ـ 4 ـ ئاي مەزگىلىدە (شەمسىيە 5 ـ 6 ـ ئايلاردا) ھىندىستاندىكى مەترىلەر موتۇبانىغا 80 كىلومېتر كېلىدىغان سۇرات دېگەن كەنتتە ئاجايىپ بىر بازار بولىدۇ. بازاردا سېتىلىدىغانلىرى شۇ يەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدە داڭلىق مەھسۇلاتلىرى ياكى ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، كىيىم ـ كېچەكلەر بولماستىن بەلكى يىگىتلەر.

بازارغا سېلىنىغان يىگىتلەر ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قىز تەرەپنىڭ ئۆزىنى تاللىشىنى كۈتىدۇ. قىزلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا، چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىشىپ ئۆزى ياقتۇرىدىغان زىبۇ ـ زىننەت بويۇملىرىنى تاقاپ، ئۆزىنىڭ سېتىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان يىگىتلەرنى ئارىلاپ، «تاۋار»لارنى تەمشىلىق بىلەن ۋە قۇسۇر ئىزدەپ تاللايدۇ. بازار ئەتىگەندىن كەچكىچە مەشلداپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى بىلەن ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ. قىزلار ئەگەر يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىن كۆڭگۈلدىكىدەك جورا تاپالىسا، يىگىتكە شەھلا كۆزلىرىنى تاشلاپ، كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى باھا تالىشىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا سورۇن ناھايىتى قىزىيدۇ. بۇ بولغۇسى قۇدىلار ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن، بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن باھا تالىشىپ بىر تېيىنمۇ قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىدۇ. بەزىدە قىزىرىشىپ، تاكاللىشىپ كېتىشىمۇ تاكى سودىسى پۈتمىگىچە بولىدى قىلىشمايدۇ. ئەگەر، ئۇلار سودىدا پۈتۈشەلمىسە، قول ئېلىشىپ، ئۆزئارىغاھلىق ئېيتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ نوي كۆڭلىنى بېكىنىپ، نوي قىلىشىدۇ. سىناتىستىكىدىن قارىغاندا، ھەر يىلى 1000 دىن ئارتۇق قىز بۇ يەردىن كۆڭگۈلدىكىدەك جورا تاپالايدىكەن. بۇ بازار دەرمىخلەرنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرىدىغان كەڭ جايدا بولغاچقا، «كۆيۈئوغۇل بازىرى» دەپ ئاتالغان. نۇرغۇن كىشىلەر چاقچاق قىلىپ، بۇ بازارنى «ئورمانلىقتىكى ئاشىق تاللاش بازىرى» دەپ ئاتىشىدۇ.

كىشىلەرنىڭ بۇ ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ قاچاندىن تارتىپ باشلانغانلىقى ھەققىدىكى قارىشى بىردەك ئەمەس ئىكەن. بىراق، بۇنىڭ قەدىمكى ھىندىستاندىكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بازاردىن جورا تاللىغان قىزلار ئۆمۈرۋايەت تۇل قالمايدىكەن ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدىكەن. بۇ ئادەت تا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان.

(قاھار ئوسمان.ت)　　　تەھرىر: خەمىت لېغمەت

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى

مۇتەللىپ سىدىق

**تەھرىردىن ئىلاۋە :** ئەزىز كىتابخان، سىز سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىڭىزگە ياكى نەۋرىلىرىڭىزگە چىرايلىق، مەنىلىك ئىسىملارنى قويۇشنى، ئۆزىڭىزنىڭ، ئاتا-بوۋا، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل ۋە باشقا قان قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ ئىسىملىرىنىڭ مەنىسىنى بىلىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىدىغانسىز.

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى پەن تەتقىقات باشقارمىسىدىن يولداش مۇتەللىپ سىدىق ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەققىدە خېلى كۆپ ئىزلىنىپ، 4600 دىن ئارتۇق يەككە كىشى ئىسىملىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى توغرا ئاتىلىشى، تىل تەۋەلىكى، ئۆزگىرىشلىرى، مەنىسى ۋە بەزى ئىسىملارنىڭ كېلىپ چىقىشى بويىچە ئايرىپ، بىر كىتاب يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان. كىتابقا ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن قوللانغان 400 گە يېقىن قەدىمكى ئىسىملارنىمۇ مىسال تەرىقىسىدە قوشقان.

ئۇنىڭدىن باشقا، كىتابتا 160 تىن ئارتۇق قەدىمكى دەرىجە - ئەمەل ناملىرىنى ھەرپ تەرتىپى بويىچە رەتلەپ چىقىپ، قىسقىچە ئىزاھلاپ، كەلگۈسىدە ئامىمىنىڭ تارىخىي كىتاب ۋە كىنو-تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىكى كونىچە دەرىجە-ئەمەل ناملىرىنى مەنا جەھەتتىن چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشكە تىرىشقان.

بىز ئەنە شۇ ئىسىملارنى ژۇرنىلىمىزدا ئۇدا تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن بەھىر ئېلىشىغا ۋە يولداش مۇتەللىپ سىدىقنىڭ ئەھمىيەتلىك ئەمگىكىگە ئاپىرىن ئوقۇشىغا ئىشىنىمىز.

## ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىكى

| توغرا ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| ا ئابدۇللەھەد | (ئە)ئابلەھەت، ئابلەت، ئەھەت، ئەخەت | بىر ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇللەزىز | (ئە) ئابدۇلئېزىز، ئابلىز، ئېزىز | قۇدرەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇللەۋۋەل | (ئە) ئەۋەل | ھەممىنىڭ بېشى بولغان ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇللەلى | (ئە) ئابدەلى | ئەلىنىڭ قۇلى |
| ئابدۇللەلا | (ئە) ئابلەلا | ھەممىدىن ئۈستۈن ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇللەزىم | (ئە)ئابلېزىم | ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلباسىت | (ئە) ئابدىۋاسىت، | نازۇ-نېمەتلىرىنى كەڭ يايغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلباقى | ئابدىۋاقى، باقى | مەڭگۈلۈك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلبائىس | (ئە) بايىز | تىرىلدۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلبارى | (ئە) بارى | ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلبەسىر | (ئە) ئابدۇبەسىر، بەسىر | ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلپەتتاھ | (ئە) ئابدۇپەتتا، پەتتار | دايىم غالىپ ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇتتاھىر | (ئە) ئابدىتاھىر، تاھىر | پاك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلجەلىل | (ئە) ئابدۇجەلىل، ئابجەلىل، ئابجەل، جېلىل | ئۇلۇغ ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلجەببار | (ئە) ئابدىجاپپار، جاپپار | مەجبۇر قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلجامى | (ئە) جامى | ھەممىنى توپلىغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |

| توغرا ئاتىلىشى | ئۆزگىرىشلىرى | مەنىسى |
|---|---|---|
| ئابدۇلجەمال | (ئە) ئابدىجامال، جامال | ئاللانىڭ گۈزەل بەندىسى |
| ئابدۇلجەببر | (ئە) ئابدۇجەببر | مەجبۇر قىلغۇچىنىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلخەبىر | (ئە) ئابدىخبۇر، خبۇر | ھەممىدىن خەۋەردار ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلخالىق | (ئە) ئابدىخالىق، خالىق | ياراتقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلخەيرى | (ئە) | ياخشىلىق قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇددائىم | (ئە) ئابدىدايىم، دايىم | دايىملىق ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇررەئۇپ | (ئە)ئابدىرۇپ، ئابدىراۋۇپ | مېھرىبان ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇرەشىد | (ئە)ئابدىرىشت، رىشت | توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇررەھىم | (ئە) ئابدىرەھىم، ئابدىرېيىم، رەھىم، رېيىم، رېھىم | رەھىملىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇررەقىب | (ئە) ئابدىرەقىپ، رەقىپ | ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇررەھمان | (ئە) ئابدىراخمان، رەخمان | رەھىم-شەپقەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇررەززاق | (ئە) ئابدىراززاق، رازاق | رىزقى بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇررازىق | (ئە) ئابدىرازىق، رازىق | رىزقى بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇررازى | (ئە) | رازى بولغۇچىنىڭ بەندىسى |
| ئابدۇررەسۇل | (ئە) ئابدۇرسۇل، رۇسۇل | پەيغەمبەرنىڭ قۇلى |
| ئابدۇززاھىر | (ئە) ئابدىزاھىر، زاھىر، زايىر | ئوچۇق ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇزەپەر | (ئە) | زەپەرنىڭ قۇلى |
| ئابدۇزاھىد | (ئە) ئابدىزايىت، زايىت | زاھىدنىڭ قۇلى |
| ئابدۇسسەتتار | (ئە) ئابدىساتتار، ساتتار | ئەيىبلەرنى ياپقۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسسەمەر | (ئە) ئابدىسەمەر، سەمەر | سەمەرنىڭ قۇلى |
| ئابدۇسسەلام | (ئە)ئابدىسالام، سالام | سالامەتلىكنى بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسسەلىم | (ئە) ئابدىسىلىم، سىلىم | تىنچ-ئامانلىقنى بەرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسسەمەد | (ئە) ئابدىسەمەت، سەمەت | مۇھتاجلارنى ھاجىتىدىن چىقارغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسسەمى | (ئە) ئابدىسەمى، سەمى | ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسسەبۇر | (ئە) ئابدىسوپۇر، سوپۇر | سەبرى-تاقەتلىك ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇسسەيد | (ئە) ئابدۇسەيت | خوجىنىڭ قۇلى |
| ئابدۇسسالىھ | (ئە) ئابدىسالى، سالى | ئادىل ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇششۇكۇر | (ئە) ئابدىشۇكۇر، شۇكۇر | شۈكرىنى قوبۇل قىلغۇچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلغوپۇر | (ئە) ئابدىغوپۇر، غوپۇر | كەچۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلغەپپار | (ئە) ئابدىغاپپار، غاپپار | دايىم كەچۈرگۈچى ئاللانىڭ بەندىسى |
| ئابدۇلقاھىر | (ئە) ئابدىقاھىر، قايىر، قاھىر | يۈكسەك، تەڭداشسىز ئاللانىڭ بەندىسى |

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئىسىملار

(مىسال)

| ئىسىملار | مەنىسى ياكى هازىرقى ئاتىلىشى |
|---|---|
| ئابا | دادا، ئاتا |
| ئابام ئۇلۇغ | ئەبەدىي، مەڭگۈلۈك |
| ئابىنچۇ | خۇشاللىق، كۆڭۈلنى ئالغۇچى |
| ئابىنچۇ قاتىن | كۆڭۈلنى ئالىدىغان خېنىم، خانىش |
| ئابىنىق | بەختلىك، تىنچ |
| ئاتات | ئاي، قۇلان |
| ئاتاش | ئاتەش، ئوت |
| ئاتاي | بالا، باچكا |
| ئاتلىغ | ئابرويلۇق، مەشھۇر، ئاتالغان، باشلىق |
| ئاتىش | ئىنتىشماق |
| ئاتمىش قارا | ئاتمىش: ئىسمى، قارا: سۈپىتى |
| ئابامبەگ | ئەبەدىيلىك بەگ |
| ئاتىم | مەرگەن |
| ئاچارى | هەزرەت، ئۇستاز |
| ئاچۇق | ئوچۇق |
| ئاچىق | چولاق ئاكا |
| ئادام توغرۇل | توغرۇل (بىر خىل يىرتقۇچ قۇش) دەك چېچەن ئادەم |
| ئادايۇ | ئېزىز، قىممەتلىك |
| ئادۇغ (ئادىغ) | ئېيىق |
| ئارا بوغا | ئوتتۇراهال بۇغا |
| ئارتۇق | كۆپ، جىق، ئارتۇق، ئېشىپ كەتكەن، ئارتىپ كەتكەن |
| ئارتۇن | زىرە (ئۆسۈملۈك) |
| ئارسلان | شىر بالىسى |
| ئارغۇ | ئىككى تاغ ئارىسى |
| ئارغۇن | ئارغىماق |
| ئارقار | ياۋا قوي |
| ئارقۇ | باھالىق، قىممەتلىك |
| ئارقىش | خەۋەرچى |
| ئارىش | تازا، پاك، پاكىز |
| ئارىغ | پاكىز، ساپ |
| ئازغىر (ئادغىر) | ئايغىر |
| ئازۇق | ئوزۇق، يېمەكلىك |
| ئازۇقلۇغ | ئوزۇقى بار ئادەم |
| ئازۇن | دۇنيا، دەۋر |
| ئازىغ | هوشيار كىشى |
| ئاسغۇ | مارجان، بويۇنغا ئېسىلىدىغان نەرسە |
| ئاسقىن | ئېسىل، ئالىيجاناب |
| ئاسىغ | نەپ، مەنپەئەت، پايدا |
| ئاشان | هۆرمەتلەن، غىزالان |
| ئاشان توغرۇل | توغرۇلدەك غىزالان |
| ئاشاي | غايە، مەقسەت |
| ئاشنال | كەنجى ئوغۇل |

| ئىسىملار | مەنىسى ياكى هازىرقى ئاتىلىشى |
|---|---|
| ئاغارلاغ | هۆرمەتكە لايىق، شەرەپلىك، ئۇلۇغلانغۇچى |
| ئاغۇش | ئۇرۇق ـ جەمەت |
| ئاغىر | قەدىرلىك، ئېزىز، شەرەپلىك، ئۇلۇغ |
| ئاقاش | ئاكا، ئاكاش |
| ئاقى | مەردانە، جەسۇر، مەرد |
| ئالىپ | جەسۇر، باتۇر، قەھرىمان |
| ئالىپ ئايا | ئەلا يائىشى قەھرىمان |
| ئالىپ ئاتا (ئەلپەتتا) | باتۇر ئاتا |
| ئالىپ تىكىن | باتۇر شاھزادە |
| ئالىپ ئەر تۇڭا | قاپلاندەك باتۇر ئەر |
| ئالپاغۇت | يېڭىلمەس قەھرىمان، تاغ يۈرەك باتۇر |
| ئالتۇن | (1) ئالتۇن (2) زۇھرە يۇلتۇزىنىڭ ئىسمى |
| ئالتۇن قارا | ئالتۇن: ئىسمى، قارا: سۈپىتى |
| ئالقا | مەدھىيىلىمەك |
| ئالقىش | بەخت، خۇشاللىق |
| ئاماق | ھەۋەس |
| ئامۇل | تەمكىن، ئېغىر-بېسىق |
| ئانۇغ | ئۈمىد، ئارزۇ |
| ئاناچ | ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن ھەممىگە ئانىدەك تونۇلىدىغان قىز |
| ئاي | ئاي (ئاسماندىكى ئاي) |
| ئاي كۈن | ئاي ۋە كۈن |
| ئاي سىلىگ | ئايدەك پاك |
| ئايخان | ئايدەك خان |
| ئايتەگرى | تەگرى: ئىسمى، ئاي: سۈپىتى |
| ئاي چەچەك | ئايدەك چىرايلىق گۈل |
| ئاي تۇغمىش | ئايدىن تۇغۇلغان |
| ئايتولدى | ئايدەك تولغان |
| ئەدگۈ (ئەزگۈ) | ياخشى، ئېسىل، چىرايلىق |
| ئەرەن | يىگىت، ئەركەك، ئەر |
| ئەردەم | ئەدەب، ئەخلاق، پەزىلەت |
| ئەردەنى | گۆھەر، مەرۋايىت، ئۈنچە |
| ئەردەنى قاتىن | گۆھەر خېنىم |
| ئەرك | ئەركىنلىك، سەلتەنەت |
| ئەركەچ | ئۆچكە |
| ئەسەن | ئېسەن، ساق-سالامەت |
| ئەسەن قارا | ئەسەن: ئىسمى، قارا: سۈپىتى |
| ئەكە | ئۇكا، سىڭىل |
| ئەلكۈن | خەلق، قەبىلە |
| ئەۋلىك | خوجايىن، ئۆيلۈك |
| بابا | بوۋا، ئاتا |
| باقشى (باخشى) | ئوقۇتقۇچى، موللا، دوختۇر، ئۇستاز |
| بادۇر | ئۆلچەم |
| بارچا تۇرمىش | ھەممىسى تۇرغان |

تەھرىرى: ئىدرىس بارات



# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن نەسرىي ۋە تەرجىمە ئەدەبىي ئەسەرلەر

ئىمنجان ئەخمىدى

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن نەسرىي ۋە تەرجىمە ئەدەبىي ئەسەرلەر نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان (رەتلەپ كۆچۈرۈلگەن) ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە خەنزۇ، سانسكرىت، تۈبۈت، توخرى (ئاگنى ـ كۇسەن) تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇددا، مانى ۋە نىستورى دىنىي ئەقىدىلىرى بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر ھەمدە دىنىي ئەقىدىلەر، دىنىي ئەخلاقىي ـ ئېتىكىلىق قاراشلار ئىپادىلەنگەن ئەپسانە ـ رىۋايەت، قىسسەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىرغىچە مەلۇم بولغانلىرىدىن نەسرىي ئۇسۇلدا قەلەمگە ئېلىنىپ رەتلەنگەن خەلق داستانى ـ «ئوغۇزنامە»، پال كىتابى ـ «ئىرىق پۈتۈك»، تەرجىمە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «سوۋارنا پراپاسا سۇترا» (ئالتۇن يارۇق)، «چاشتانى ئېلىگ بەگ قىسسىسى»، «بۇدساتۋا ـ ئۇلۇغ تاڭ نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمھالى»، «مايىترى سىمىت»، «سادتھارما پونداربكا سۇترا» (كارامەتلىك نىلۇفەر سۇترىسى)، «ئاغاما سۇترا»، «ئاۋاتاكا ماخاۋايپولىيا سۇترا»، «ۋايىجرا چىتىسكايا سۇترا» (كىمقۇقى)، «پراجنىيا مۇكھا سۇترا» (ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى)، «ئامىتابھا سۇترا»، «قۇانشىن پۇسار»، «تساستىۋوكا»، «ئابىدارماكوشاستىرا»، «ساجا پاندشانىڭ نەسھەتلىرى» (چوگقۇر نوم)، «پانچا تانترا قالدۇقى» (بەش توملۇق چۆچەك)، «مىڭ قوللۇق مىڭ كۆزلۈك بۇددا ھەققىدە ھېكايە»، «چوڭ مايمۇن پاتمارال قىسسىسى»، «پادماۋاتى»، «دانتىپالا»، «جاتاكا»، «مۇقەددەس توشقان ھېكايىسى» قاتارلىق بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەرنى، شۇ دەۋردە مانى يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، مانى دىنىي ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان «خۇئاستۇ ئانفت» («يوشۇرۇن تىلەكلەر مەنىسىدە) ۋە «ئىككى يىلتىز نوم» نى ھەمدە «سانت گېئورگىنىڭ شېھىت بولۇش خاتىرىسى»، «ئىدسوپ تەمسىللىرىنىڭ قالدۇقى» قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن.

تۆۋەندە بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

«ئوغۇز نامە»: قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئوغۇزخان ئىسىملىك سەركەردە، شاھنىڭ نامىغا باغلىق ھالدا بارلىققا كەلگەن بۇ ئەپسانىۋى قەھرىمانلىق داستانى ئەڭ دەسلەپ 13 ـ ئەسىردە تۇرپان رايونىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. چىڭگىزخاننىڭ ساراي تارىخچىسى راشىدىن فەزلۇللاخ (1243 ـ 1318) مۇ مۇشۇ دەۋردە ئۆزىنىڭ پارس تىلىدا يازغان «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» (ئومۇمىي تارىخ) كىتابىغىمۇ «ئوغۇز نامە» نى كىرگۈزگەن. 15 ـ ئەسىردە

«ئوغۇزنامە، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ۋە ئۇنىڭ بىر قانچە خىل قوليازما نۇسخىلىرى بارلىققا كەلگەن. «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ ئۆز خەلقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش،[1] ھاكىمىيىتىنى تىكلەش يولىدا ئېلىپ بارغان يۈرۈش ۋە پائالىيەتلىرى ئەپسانىۋى رىۋايەت شەكلىدە بايان قىلىنغان. داستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇقچىلىق دەۋرىدە تۇتىمغا، قەبىلىچىلىك دەۋرىدە ئەجدادلار روھىغا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى دەۋرىــدە كۆك تەڭرىگە چوقۇنغانلىق چۈشەنچىسى ھەمدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىدا شەكىللەنگەن شامان دىنى ئەقىدىسى خېلى كەۋدىلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئىرق پۈتۈك» قەدىمكى تۈرك يېزىقى («تۈرك - رونىك» ياكى «ئورخۇن - يېنسەي » يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بىلەن يېــزىلغان بۇ ئەسەرنى تەتقىقاتچىلار تەخمىنەن 8 ـ 9 - ئەســەرلــەرگــە تەئەللۇق دەپ قارايدۇ، ئەسەرنىڭ ئىككى نۇسخىسى تېپىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى نۇسخا ۋ. تومسېن (دانىــيــە) تــەرىــپىدىن «پادشاھلىق ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ ژۇرنىلى» نىڭ 1912 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. نەسرىي شەكىلدە تۈزۈلگەن، ئىنسانىنىڭ چۈش كۆرۈشتىن ئىبارەت پسىخولوگىك پائالىيىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باھا بېرىشنى مەزمۇن قىلغان، يىرىم ئەپسانىۋى تۈس ئالغان بۇ پالنامە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، دۇنيا قارىشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە. ئى. ۋ. ستېبلىۋا (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) ئۇنىڭغا ئەدەبىي ئەسەر سۈپىتىدە قاراپ، مەزمۇنىنى ئادەم ۋە ھايۋاناتلار تــۇرمــۇشــى، مــىفلار ۋە چۆچەكلەر سۇژېتلىرى، تەبىئەت تەسۋىرىي، ھېكمەتلەر دەپ تۆت گۇرۇپپىغا ئاجراتقان.

«سوۋارنا پراپاسا سۇترا» (ئالتۇن يارۇق): بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت نوم بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق نامى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىقلىغ قۇۋپتا كۆترىلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىغ نوم بىتىگ» بولۇپ، 8 ـ ئــەســـرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بېشبالىقلىق ئۇيغۇر سىنقۇ سالى تۇتۇڭ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. سىنقۇ سالى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق» نى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىــلــىغــا تەرجىمە قىلغاندا ئۇنىڭ ئەسلى (سانسكرىتچە) نۇسخىسىدىنمۇ پايدىلىنىپ، خەنزۇچە نۇسخىسىدا يوق بولغان بىر قانچە مەزمۇنلىرىنى قوشۇپ، تولۇقلاپ تەرجىمە قىلغان، سانسكرىتچە نام - ئاتالغۇلارنى ئەسلى ئاتىلىشى ۋە ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا قائىدىسى بويىچە توغرى ئېلىشقا تىرىشقان، شېــئىرلىــرىــنى قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قوشاق شەكلىگە سېلىپ ئىجادىي تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمە ئەسەرنىڭ 1687 - يىلى كۆچۈرۈلگەن بىر مۇكەممەل نۇسخىسى 1910 - يىلى تېپىلغان بولۇپ، ھازىر روسىيە پــەنلــەر ئــاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ پېــتىربورگ شۆبىسىدە ساقلانماقتا. «ئالتۇن يارۇق» ـ بــۇددا دىــنىي ئەقىدىسى تەشۋىق قىلىنىدىغان ھېكايە، قىــســـلــەر سۆزلەنگەن ئەسەر، ئۇنىڭدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر قىسسىدا ماخاساتۋى تېكىننىڭ يەتتە كىــۈچــۈكى بىلەن جاڭگالدا ئاچ قېلىپ ئۆلەر ھالەتكە يــەتكەن چىشى يولۋاسنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى چىــشى يولۋاسقا ئوزۇق قىلىپ بەرگەنلىكى سۆزلىنىپ، بۇددا دىنىنىڭ «ئۆزىنى قۇربان قىلىپ باشقا جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش» ئەقىدىسى تەشۋىق قىلىنغان.

«بۇدساتۋا ـ ئۇلۇغ تاڭ نوم ئۇستازىنىڭ تەرجىمالى» («شۈەنجۇڭنىڭ تەرجىمھالى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى): شۈەنجــۇڭنــىڭ ھــاياتىدىكى پائالىيەتلىرى،[2] بۇددا دىنىي ئىــلمىنى تەھــسىل قىلىش ئۈچۈن غەربكە سەپەر قىلىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرى بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرنىمۇ 10 ـ ئــەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سىنقۇ سالى تۇتۇڭ خــەنزۇ تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان بولۇپ، مەزكۇر تەرجىمە ئەسەرنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان ئايرىم قىسىملىرى پېتىربورگ، پارىژ ۋە بېيجىڭدا ســاقلانمــاقتــا. ئــەسەرنىڭ لى. يۇ. تۇگۇشۋا تەرىپىدىن تەييارلانغان رۇس تىلىدىكى تەرجىمىسى، ترانسكرىپسىيىسى ۋە فوتو نۇسخىسى 1980- يىلى موسكۋا «ناۋكا» نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

«چاشتانى ئېلىگ بەگ قىسسىسى» ئەسلى بۇددا دىنىي رىۋايىتى بولغان بۇ ئەسەر ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئــاگــنــى - كــۇسەن تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنغان. باش - ئايىغى تولۇق بــولمــىغان بۇ قوليازما ئەسەر 1913 ـ 1914 - يىللىرى تۇرپاندىن تېپىلغان. قىسسىدە چاشتانى ئېلىگ بەگنىڭ ئۆز خــەلقىغە دەھشەتلىك بالايى - ئاپەت كەلتۈرگەن ياۋۇز

يەك (جىن) لارنى تارمار كەلتۈرۈپ، خەلقنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئەسەر ئەسلى نۇسخىدىن ئاگنى - كۇسەن تىلىغا، كېيىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىش داۋامىدا مەزمۇن جەھەتتىن پىشىپ ۋە بېيىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت (ئاساسلىقى، ئېتىقاد - تېۋىنىش، ئېتىكا) ئەنئەنىلىرىگە ماسلىشىپ، تەرجىمە ئەدەبىياتىنى ئاساس قىلغان ئەينى دەۋر ئۇيغۇر پىروزىچىلىقىنىڭ ئوبدان بىر ئۈلگىسى بولۇپ قالغان.

«پراجنىيا مۇكھا سۇترا» (ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى): ئەسلى بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى دىنىي ئەقىدىلىرىگە ئائىت رىۋايەت بولۇپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئەسەرنىڭ قولىيازمىسى 1907- 1908 - يىللىرى تېپىلغان بولۇپ، بەزى مەنبەلەردە «شاھزادە قالىيانامقارا بىلەن پاپامقارا ھەققىدە قىسسە» دەپمۇ ئاتالغان رىۋايەتتىكى ئاساسىي ۋەقەلىك ئاق نىيەت تېكىن بىلەن قارانىيەت تېكىن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايدۇرۇلغان.

«مايتىرى سىمىت»: بۇددا دىنىي رىۋايىتى بولغان بۇ ئەسەر دەسلەپ تەخمىنەن 4- 5 - ئەسىرلەردە سانسكرىت تىلىدىن ئاگنى - كۇسەن تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، 27 پەردىلىك دراما قىلىنىپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئاگنى (قارا شەھەر)، كۇسەن (كۇچار) قاتارلىق جايلاردا كەڭرى ئوينالغان، تەخمىنەن 8- 9 - ئەسىرلەردە بۇ ئەسەرنى پرتانراكشىت .كرماۋاژىك ئاتلىق كىشى تەرىپىدىن ئاگنى- كۇسەن تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» نىڭ بىر قەدەر تولۇق نۇسخىسى 1959- يىلى 4 - ئايدا قۇمۇلنىڭ تۆمۈرتى دېگەن جايىدىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىدا ساقلانماقتا. «مايتىرى سىمىت» دىرامىسىدا سەككىز ياشلىق مايتىرىنىڭ ئۇستازى بادارى براھمانىنىڭ مايتىرىنى 16 شاگىرتى بىلەن بىللە ساكيا مۇنى بۇددانىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەنلىكى، سەپەر ۋە كۆرۈشۈش جەريانى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئاسماندا پەيدا بولغان ئاجايىپ - غارايىپ تەنتەنىلەر، سۆھبەتلەر ۋە باشقا ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن.

تەھرىرى: **ئەكبەر ئىلى**

# چورۇق

**لەخمەتجان مەتقۇربان**

چورۇق تاغلىق رايونلارغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ھازىرمۇ نۇرغۇن جايلاردا دېھقان - چارۋىچىلار چورۇق كىيىپ يۈرمەكتە. چورۇق شەكىل جەھەتتىن شىر چورۇق، پوستەك چورۇق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. شىر چورۇق ئادەتتە كالا، قوتاز تېرىسىدە تىكىلىدۇ، پوستەك چورۇق بولسا قوي، ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلىدۇ، ئۇنى تىكىشكە ئانچە كۆپ ۋاقىت كەتمەيدۇ. شىر چورۇق بەكمۇ ئاز تىكىلىدۇ، ئەمما ناھايىتى چىدامىلىق بولۇپ، ئىككى - ئۈچ يىل كىيىپ يۈرۈشكە يېتىدۇ. پوستەك چورۇق ئانچە ئۇزۇن كىيىشكە چىدىمايدۇ.

چورۇقنى مەخسۇس ئۇستىلار تىكىپ ساتمايدۇ. ئۇنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى تىكىشنى بىلىدۇ. چورۇقنى كالا، قوتاز، قوي ھەم ئۆچكە تېرىسىدىن باشقا نەرسىلەردە تىكىشكە بولمايدۇ. چورۇقنى تىككەندە، تېرە تۆت پاقالچاقنىڭ ئاستىدىن پۇشقاق قىسمىنى پۈتۈن ئۆلچەپ كېسىۋېلىپ، پۇتنىڭ ئۇچى قىسمى بىلەن سونجاق قىسمى تىكىۋېتىلىپ، پۇتنىڭ دۈمبە قىسمىدىن بىرنەچچە تال تۆشۈك ئېچىلىدۇ. پۇتنىڭ ئۇچىدىن تىزغىچە قوينىڭ يۇڭىدىن توقۇلغان پايپاق يۆگىلىدۇ. ئاندىن قوينىڭ تېرىسىدىن كېسىۋېلىنغان شوينىنى تۆشۈكچىلەردىن بوغۇچتەك ئالماشتۇرۇپ ئۆتكۈزۈپ چىڭ تارتىپ قورىغاندىن كېيىن تىزغىچە يۆگەپ چىگىۋېتىلىدۇ.

چورۇق يېنىك ھەم پۇتنى ئاسان توڭدۇرماسلىقتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى چورۇق كىيىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە بالا- چاقىلىرىغىمۇ تىكىپ بېرىشىدۇ. شۇڭا چورۇق ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەتىۋارلاپ كىيىدىغان بىر خىل يارىشىملىق ئايىغى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

# مېھماندارچىلىقتا ئائىت

# ئەقەللىي ساۋاتلار

ئابدۇزاھىر تاھىر

شۇبھىسىزكى، مىللىتىمىز ئەسلى زاتىدىن ئاق كۆڭۈل، كەڭ قورساق، مېھماندوستلۇقنى كۆز قارىچۇغىدەك قەدىرلەيدىغان مىللەت. يىراق - يېقىندىكىلەر بىلەن مېھمانغا چاقىرىشىپ ئىناق، دوستانە ئۆتۈش بىزدە ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنە. يېقىنقى يىللاردىن بېرى ماددىي تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنىڭ بىرقەدەر ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مېھماندارچىلىقنىڭ سەۋىيىسىمۇ ئۆسمەكتە.

جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق بىر پائالىيەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا قائىدىلىرى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. مېھماندارچىلىقتا تېخىمۇ شۇنداق. لايىقىدا بولغان مېھماندارچىلىقىڭىز سىزنىڭ مەدەنىيەتلىك كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە سىزنىڭ باشقىلارنىڭ نەزەرىدىكى ئوبرازىڭىزنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇپ، يۈزىڭىزنى يورۇق قىلىدۇ.

ئەگەر سىز ئاشۇ مەقسەتكە يەتمەكچى بولسىڭىز، مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويماڭ.



### مېھمان چاقىرىش ۋە كۈتۈشتە

1. ئۆزىڭىزنىڭ مۇۋاپىق ۋاقتىغا توغرىلاپ مېھمان چاقىرىڭ. مېھمان چاقىرىپ قويۇپ «مېھماننى ئۆيگە چىللاپ، ئۆزى يۈرەر ئەر سوراپ» دېگەندەك قىلىق قىلماڭ.

2. ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭىزغا لايىق چاقىرىڭ. بارىنى ئايىماڭ، يوقنى كايىماڭ.

3. «مېھمان ئاتاڭدىن ئۇلۇغ». مېھمىنىڭىزنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈڭ. مېھمان كەلگەندە ئىمكان بار مېھماننىڭ يېنىدا بولۇڭ. توختىماستىن ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە قاتراپ يۈرمەڭ.

4. «مېھماننىڭ كۆڭلى قىلدىن ئىنچىكە»، شۇڭا مېھمان بار چاغدا ئۆيدىكىلەرنىڭ بىرەرىگە ئاچچىق قىلماڭ، چىنە-تاۋاقلارنى سىلىق قويۇڭ. كونىلارنىڭ «مېھمان بار چاغدا مۈشۈك كۆكنى پەش دېمە» دېگەن سۆزى ناھايىتى جايىدا ئېيتىلغان.

5. «مېھماننىڭ ئۆزىنى باقماي، ئېتىنى باق». مېھماننى ئوبدان كۈتۈش بىلەن بىللە ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك نەرسىلىرىنى، مەسىلەن، ۋېلسىپىت، ماشىنا، سىلىقۋەتكەن پەلتۇ - چاپانلىرى قاتارلىقلارنى بىخەتەر يەرگە قويۇپ،

مېھماننى ئۇ نەرسىلەر ھەققىدىكى ئەندىشىدىن خالاس قىلىش.

6. ئەگەر كەلگەن مېھمانلار كۆپ بولغاندا، ئىمكانىيىتىڭىزنىڭ يېتىشىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان تېمىدا سۆز باشلاش. ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش.

7. مېھماننى ئۆزىڭىزنىڭ ماددىي شارائىتىڭىز يار بەرگۈدەك داستىخان بىلەن كۈتۈش، ئوچۇق - يورۇق بولۇش، ئەمما ھەدېسىلا «قۇرۇق بولۇپ قالدى، لايىقىدا كۈتەلمىدىم» دېگەندەك تەكەللۇپ سۆزلەرنى تەكرارلاۋەرمەسلىك.

8. مېھمانلارنى توختىماي يەپ - ئىچىشكە زورلاۋەرمەسلىك، ھەددىدىن ئارتۇق يەپ - ئىچىشكە زورلاش ئەدەبسىزلىكتۇر. بولۇپمۇ ھازىر ھاراقسىز مېھماندارچىلىق يوق دېيەرلىك، ھاراق ئىچىشكە تېخىمۇ زورلىماسلىق. ھاراقنى كۆپ ئىچىپ قالايمىقان دەسسەپ يۈرۈش ئەدەبسىزلىك بولغىنىدەك، باشقىلارنى كۆپ ئىچىشكە زورلاشمۇ بىئەدەب قىلىقتۇر.

9. مېھمانلار قايتماقچى بولغاندا، ئەگەر باشقا زۆرۈرىيىتى بولمىسا، مېھمانلارنى يەنە داۋاملىق ئولتۇرۇشقا زورلاۋەرمەسلىك. خۇددى سىزگە ئوخشاش، مېھمان بولغۇچىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرۇشى بولىدۇ.

10. ئىمكان بار مېھمىنىڭىزنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىش.

## مېھمان بولۇش ۋە خوشلىشىشتا

1. باشقىلارنى زورلاپ ئۆزىڭىزنى مېھمان قىلدۇرۇشتىن ساقلىنىش. ئەگەر بۇنداق قىلىقتا ئادەتلىنىپ قالسىڭىز، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە لالما ئىتقا ئايلىنىپ قالىسىز.

2. ئىمكان بار تەكلىپ قىلغۇچى بەلگىلەپ بەرگەن دەل ۋاقىتتا بېرىش، بولۇپمۇ ئائىلىلەردە بولىدىغان مېھماندارچىلىقتا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش. ۋاقىتنىڭ ئالتۇندىن قىممەتلىكلىكى تېخىمۇ شۇنداق ھېس قىلىنىۋاتقان بۇنداق دەۋردە، سىزنىڭ ۋاقىتقا بىپەرۋا مۇئامىلە تۇتۇشىڭىز، مەدەنىيەتسىزلىكىڭىزنى ئىپادىلەپ قويىدۇ.

3. ساھىبخاندىن ئەسلى تەييارلىغان داستىخاننى تېخىمۇ مول قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالماسلىق، بۇ بىئەدەبلىكتۇر.

4. ناۋادا ھاراق ئىچىلىپ قالسا، سىز ھەرقانچە ھاراقخۇمار كىشى بولسىڭىزمۇ، مېھماندارچىلىقتا ھاراقنى ئازراق ئىچىش. «ھاراقتىن چىقار مەستلىك، مەستلىكتىن چىقار پەسلىك».

5. گەرچە سىز قاتناشقان مېھماندارچىلىق سىزنىڭ ھېچقانداق قىزىقىشىڭىزنى قوزغىيالمىسىمۇ، ساھىبخانىنىڭ غۇرۇرىغا تەگمەسلىك ئۈچۈن، خۇشياقمىغان ھالەتتە ئولتۇرۇۋالماسلىق.

6. ساھىبخان ۋە باشقا مېھمانلار بىلەن لايىقىدا پاراڭلاشقاچ ئولتۇرۇش، ئوچۇق - يورۇق بولۇش. بىراق «گېپى گەپكە ئوخشىماس، ئېغىزى گەپتىن توختىماس» لاردىن بولۇپ قالماسلىق.

7. خوشلىشىشتىن بۇرۇن تاقەتسىز بولغان ھالەتتە تۇرۇۋالماسلىق. ئەگەر باشقا مېھمانلاردىن بۇرۇنراق قايتىدىغان بولۇپ قالسىڭىز، ئاستاغىنە ساھىبخان بىلەنلا خوشلىشىش ھەم مۇلايىملىق بىلەن كەچۈرۈم سورىماسلىق. ناۋادا باشقا مېھمانلار بىلىپ قالسا، ئەدەب بىلەن ھەممەيلەنگە چىرايلىق «خوش» دەپ خوشلىشىش.

8. قايتىدىغان چاغدا قايتىدىغانلىقىڭىزنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئېيتىش. ئېغىزىڭىزدا «خوش-خوش...» دەپ، ئەمەلىيەتتە، ئورنىڭىزدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇۋالسىڭىز بولمايدۇ.

9. خوشلاشقاندا باشقىلارنىڭ بىر - ئىككى جۈملە سۆزى تۈگىشى ھامان، دەرھاللا كېتىپ قالماسلىق. ئۇنداق قىلسىڭىز سىزنىڭ قارشى تەرەپنىڭ گېپىدىن زېرىككەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، سىزمۇ جاۋابەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ ئاندىن مېڭىش.

10. ساھىبخان سىزنى ئۇزىتىپ، سىرتقا چىققان چاغدا، توختىماي قومدەك سۆزلەپ تۇرۇۋالماسلىق. بۇ ئەدەبسىزلىكتۇر.

تەھرىرى: خەمىت نېغمەت



# شىنجاڭنىڭ ئۈزۈمچىلىك تارىخى ھەققىدە

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

يۇرتىمىزنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى، مۇنبەت تۇپرىقى ئۈزۈمچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەر جەھەتتىن باپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىز بوستانلىقلاردا ئۈزۈم ئۆستۈرگەن. ئۇلار يېتىشتۈرگەن شېرىن-شەربەت ھەر خىل ئۈزۈملەر مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ داڭق چىقارغان، ئاشۇ رايونلاردىكى مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى زور دەرىجىدە بېيىتقان.

يۇرتىمىزنىڭ ئۈزۈمچىلىك تارىخىغا دائىر خاتىرىلەر ئۆز دەۋرىدىن تارتىپ يېزىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا ۋەيران بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. لېكىن بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدەنگەندە يەنىلا ئازدۇر-كۆپتۇر تارىخىي مەنبەلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

مەسىلەن: غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ تارىخشۇناسى سىماچيەن تەرىپىدىن پۈتۈلگەن «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ 123-جىلدىدىكى «پەرغانە تەزكىرىسى»دە: «غەربىي دىياردا ئۈزۈمدىن شاراب ياسايدىكەن، بايلىرى نەچچە مىڭ كوزا ئۈزۈم شارابىنى كۆمۈپ ساقلايدىكەن، شاراب ئىچىش ئۇلارنىڭ ئادىتى ئىكەن. خەن (سۇلالىسى -ئا) ئەلچىلىرى غەربىي دىياردىن بېدە ۋە ئۈزۈم ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ كەلگەن. تەڭرىزادە ئۇنى تېرىپ ئۆستۈرگەن. كىشىلەر ئوردىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئوردا يېنىغا تېرىلغان ئۈزۈم ۋە بېدىلەرنى كۆرۈپ تاماشا قىلىشقان» دەپ يازغان.

تېبىبىي ئالىم لى شىجېن توپلاپ يازغان «دورا ئۆسۈملۈكلەر قامۇسى»نىڭ 33-جىلدىدا: «ئۈزۈم 〈خەننامە〉دە 蒲桃 دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇنىڭدىن شاراب ياساشقا بولىدۇ. ئادەم ئۇنى ئىچسە بېشى قېيىپ، كۆزى تورلىشىپ مەست بولىدۇ. يۇمىلاق ئۈزۈمنىڭ نامى 草龙珠 دەپ، ئۇزۇنچاق ئۈزۈمنىڭ نامى 马乳葡萄 دەپ، ئاق ئۈزۈمنىڭ نامى 水晶葡萄 دەپ، قارا ئۈزۈمنىڭ نامى 紫葡萄 دەپ ئاتىلىدۇ. 〈خەننامە〉دە جاڭ چيەن غەربىي دىيارغا ئەلچىلىككە بارغاندا بۈك-باراقسان ئۈزۈملۈك باغلارغا بارغان ھەم قايتىشىدا ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى جۇڭگوغا ئېلىپ كەلگەن، دېيىلىدۇ. «ئۆسۈملۈك دورىلار دەستۇرى»دە خەن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىلا غەربىي دىيار ئۈزۈمىنىڭ ئۇرۇقىنى لۇڭشىنىڭ (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى -ئا) غەربىگە ئېلىپ كىرىلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن، لېكىن ئۇنى كۆرگەن كىشى يوق ئىكەن...» دەپ يېزىلغان.

جاڭ شىڭلياڭ ئەپەندى باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈپ ئىزاھلانغان «جۇڭگو-غەرب قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى توپلىمى»نىڭ 4-قىسىم 37-بېتىدە ئۈزۈمگە

مۇنداق ئىزاھات بېرىلگەن: «...شۇنىسى ئېنىقكى، ئۈزۈم ئىراننىڭ شىمالىي چېگرىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ جايدىن ھەر تەرەپكە كۆچۈرۈپ ئۆستۈرۈلگەن. جۇڭگوغا خەن سۇلالىسى ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن، يۇنانلىقلار بىلەن رىملىقلارمۇ غەربىي دىياردىن كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ كېڭەيتكەن، رىملىقلاردىن ئېنىقمۇ غەربكە تارقىلىپ تاكى رېين دەريا ۋادىلىرىغىچە كېڭەيگەن».

يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش، ئۈزۈم ھەققىدە خەنزۇچە مەنبەلەردە ناھايىتى مۇھىم مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى جاڭ چيەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 139 ـ يىلى ۋە 119 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن غەربىي يۇرتلار (ئوتتۇرا ئاسىيا، پەرغانە، زەرەپشان ۋادىلىرى)غا ئەلچىلىككە بارغاندا، ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقى، شال قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيدىغانلىقى، باغ ـ ئۈزۈمزارلىقلارنىڭ بارلىقى، ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراب چىقىرىدىغانلىقى، بايلىرىنىڭ نەچچە يۈز كومزەك مەي ـ شارابلارنى نەچچە ئون يىلغىچە ساقلايدىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان. جاڭ چيەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىشىدا ئورغۇنلىغان ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى، دورا ماتېرىياللىرى، كۆكتات ئۇرۇقلىرى، مېۋە ـ چېۋە ئۇرۇقلىرى جۈملىدىن ئۈزۈم كۆچەتلىرىنى ئالغاچ كەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يەر ئاستىدىن تېپىلغان ھەر خىل يېزىقتىكى ۋەسىقىلەر (قەدىمكى ئۇيغۇرچە، سوغدىچە، كارۇشتىچە، ساكچە ۋە خەنزۇچە)دە ئۈزۈملۈك باغنىڭ سېتىلغانلىقى، ئىجارىگە بېرىلگەنلىكى توغرىلىق مەزمۇنلار يېزىلغان. يەنە، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قىسقىچە تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە ـ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نىڭ 129 ـ بېتىدە، يۇرتىمىزنىڭ ئۈزۈمچىلىكى ھەققىدە مۇنداق يېزىلغان:

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار ھەر خىل سورتلۇق ئۈزۈمنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشتە ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتقا ئىگە ئىدى. تۇرپاننىڭ كىشمىش ئۈزۈمى ياكى مۇناقى ئۈزۈمى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ فېئوداللىرىدىن ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى، شەخسلەر ئارا ئۈزۈم سودىسى قىلىش ۋە مۇسەللەس چىقىرىش ئىشلىرىمۇ كەڭ ئەۋج ئالغان ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان توختامنامىلەردىمۇ ئۈزۈمزارلىقنى ئىجارىگە ئېلىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر بار. بىر ھۆججەتتە: «ئۇيغۇر بايتېمىر تېمتچىنىڭ پۇشىڭبېرى دېگەن جايدىكى بىر پارچە ئۈزۈمزارلىقنى ئىجارىگە ئالدى، ئىجارە ھەققى ئون تاڭ (پۇل نامى) بولدى، ئەتىيازدا ئىجارىگە ئېلىپ كۈزدە قايتۇرىدۇ. ئۈزۈمزارلىقنىڭ باج ـ سېلىقى يەنىلا ئەسلى ئىگىسىنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ»دېيىلگەن. يەنە پاختا رەخت قەرز ئېلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا مۇسەللەس تۆلەش توغرىسىدىكى بىر ھۆججەتتە: «ئۇيغۇر تۇرباي بۆزگە جىددىي ھاجەتمەن بولۇپ قالغانلىقتىن، بىر تۇلۇم مۇسەللەس (ئېغىرلىقى 30 تېمىن) كە قىيېمتونىڭ بىر يېرىم توپ بۆزىنى ئېگىشمەكچى بولدى. بۆزنى ئاۋۋال قەرز ئالىدۇ، مۇسەللەسنى كۈزنىڭ بېشىدا تاپشۇرىدۇ؛ ئەگەر مۇسەللەسنى ۋاقتىدا تاپشۇرماي كېچىكتۈرسە ئەل ئىچىدىكى ئادەت بويىچە ئۆسۈمنى ئاشۇرۇشقا رازى»دېيىلگەن. ئوردا مۇسەللەس چىقارغۇچىلاردىن باج ئېلىش بىلەنلا قالماي يەنە باجنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە مۇسەللەسمۇ يىغىۋالاتتى. بۇ مۇسەللەسنىڭ بىر قىسمى مەخسۇس گەمىدە ساقلىناتتى. ئەرەب مەنبەلىرىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ قاغان ئوردىسىدا مۇھاپىزەتچى نۆۋكەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكى، ئوردىدا ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم مۇسەللەس ئىچىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. تاڭ دەۋرىدە كۇچا رايونىدا كۆپلەپ ئۈزۈم چىقاتتى، دۆلەتمەن ئائىلىلەر نەچچە يۈز تۇلۇملاپ مۇسەللەس قايناتاتتى («كونا تاڭنامە، كۇسەن تەزكىرىسى»). قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدە مۇشۇنداق بولۇشى تۇرغان گەپ.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈشلەردە قولغا كەلگەن ماددىي پاكىت ۋە ماددىي بۇيۇم ماتېرىياللىرى مىلادىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا ئەجدادلىرىمىز بۇ گۈزەل ئانا يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى بوستانلىق ۋادىلىرىدا تۈرلۈك ئۈزۈم سورتلىرىنى خېلى كەڭ دائىرىدە يېتىشتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلىماقتا. تۆۋەندە يۇرتىمىزنىڭ ئۈزۈمچىلىك تارىخىغا دائىر ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي پاكىتلاردىن بىر نەچچە مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمەن:

«ستېيىن غەربىي يۇرتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»نىڭ خەنزۇچە نەشرى 8 ـ بېتىدە قەدىمكى نىيە خارابىسى جەنۇبىي قىسمىنىڭ فوتو سۈرىتى تولۇق بېرىلگەن. ئەنە شۇ فوتو سۈرەتنىڭ (E) بۆلىكىدە ئەينى زاماندىكى ئۈزۈملۈك باغنىڭ قالدۇق خارابىسى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. دېمەك، بۇ بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرىلا خارابىلىققا ئايلانغان ئۈزۈملۈك باغ بولۇپ، ھازىرغىچە

تەكلىماكاندا ئېنىقلانغان بىردىنبىر ئەڭ قەدىمكى ئۈزۈملۈك باغ ھېسابلىنىدۇ.

1959 ـ يىلى خوتەندىكى قەدىمكى نىيە خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش جەريانىدا بىر مونچە رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلار، گىلەم ـ زىلچىلارنىڭ پارچىلىرىمۇ تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەكتى سارغۇچ، گۈللىرى كۆك رەڭدە توقۇلغان يۇڭ توقۇلما رەختكە ئادەم، ياۋايى ھايۋان ۋە ئۈزۈمزارلىقنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى يارقىن، ئوبرازلىق قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىكى ئۈزۈمزارلىقنىڭ مەنزىرىسىنى، مېۋە باغلاپ پىشقان ساپاق ـ ساپاق ئۈزۈملەرنى، قاڭشالىق، ئورا كۆز بىر ئادەمنىڭ سېۋەت كۆتۈرۈپ ئۈزۈم ئۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا بىر قوينىڭ تۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

60 ـ يىللاردىن بۇيان تۇرپان ئاستانىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا بۇ جايدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن ئۈزۈم نەۋرىشكىلىرى خېلى كۆپ تېپىلدى. ئۈزۈملەرنىڭ بەزىلىرى ساپىقىدىن ئاجرىماي ئۆز پېتى قۇرۇپ قالغان.

1985 ـ يىل 12 ـ ئايدا تۇرپان ئاستانە يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى قاراغوجا قەدىمكى قەبرىلىرىنىڭ ئىچىدىن جەسەت ساندۇقىنىڭ تېگىگە سېلىنغان تەك شوڭلىرى تېپىلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا تۇرپان ئاستانىدىكى بەزى قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ تاملىرىغا ئۈزۈملۈك باغنىڭ مەنزىرىسى سىزىلغان سۈرەتلەر بار. تۇرپان سىڭگىم ئېغىزىدىكى مىڭئۆي ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ بىر ئېغىز ئۆيىدە تام ـ تورۇسلارغا ئۈزۈملۈك مەنزىرىسى رەڭلىك قىلىپ سىزىلغان. (بۇ سىزمىلار قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ).

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن پاكىتلار بىزگە ئەينى زاماندا تارىم ۋە تۇرپان ۋادىلىرىدىكى بەزى شەھەر ـ كەنتلەرنىڭ باغ ۋە ئۈزۈملۈكلەر بىلەن قورشالغانلىقىنى، باغۋەنچىلىكنىڭ جۈملىدىن ئۈزۈمچىلىكنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە خېلى مۇھىم ئىقتىسادىي رول ئوينىغانلىقىنى، ئۆز زامانىسىدا ئۈزۈمدىن ياسىغان مەي ـ شارابلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئىچىملىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، جاڭ شىگلياڭ ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۈزۈم ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيا (شىنجاڭمۇ بۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە)دە پەيدا بولغان ھەم كېيىنچە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلىپ ئومۇملاشقان.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئۈزۈمچىلىك تارىخى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى سۈپىتىدە تارىخىمىزغا يېزىلىشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

تەھرىرى: خەمىت نېغمەت

## قوشۇلما قىممەت بېجى دېگەن نېمە؟

قوشۇلما قىممەت بېجى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت كىرىمىدىكى يېڭى قوشۇلغان قىممەت قىسمى، يەنى قوشۇلما قىممەتنى باج ئېلىش ئوبيېكتى قىلغان بىر باج خىلى. قوشۇلما قىممەت دېگىنىمىز ـ مەلۇم بىر خىل تاۋارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ تاۋارنىڭ ئىشلىنىشتىن سېتىلىشىغىچە بولغان ھەر بىر تىجارەت ھالقىسىدا يېڭىدىن قوشۇلغان قىممىتىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ بىرەر كارخانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت پائالىيىتىدە قوشۇلغان قىممەتنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك بۇ، كارخانىدىكى ئەمگەكچىلەر ياراتقان قىممەتنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. قوشۇلما قىممەت بېجى دېگىنىمىز ـ كارخانىنىڭ يېڭىدىن قوشۇلغان شۇ قىممەت قىسمىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل باجدىن ئىبارەت.

## ئاشلىقتىن قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىش دائىرىسى قايسى؟

ئاشلىق ـ ھەر خىل ئاساسلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى، بۇنىڭدىن باج ئېلىش دائىرىسى تۆۋەندىكىچە: بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، ئاققوناق، سۆك، باقلا ۋە باشقا يىرىك ئاشلىق (ئارپا، قارا بۇغداي) ۋە ئۇن، گۈرۈچ، كۆممىقوناق قاتارلىقلار. ئاشلىقتىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بۇيۇملار (مەسىلەن: ئۇگرە چۆپ، كەسمە چۆپ، جۇۋاۋا جىلتىسى قاتارلىقلار) ۋە پىشۇرۇلغان ھەر خىل يېمەكلىك، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. دولقۇن. ت



# دولان خەلقىنىڭ توي ئادەتلىرى

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم

دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ مۇستەقىل بىر مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى تەمىن ئېتىدىغان تېررىتورىيە، تىل-يېزىق، پسىخىك خۇسۇسىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق شەرتلەردە گەرچە ئاساسىي جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلىدىغان نەسەب كۆز قارىشى ھەمدە ئولتۇراقلاشقان مۇھىت شارائىتىنىڭ پەرقلىنىشى سەۋەبىدىن، بەزى يەرلىك خاراكتېرلىك ئادەتلەرگىمۇ ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش دولان ئۇيغۇرلىرىمۇ ئۆزىگە خاس بەزى يەرلىك ئادەتلەرنى ھېلىغىچە ساقلاپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ توي-تۆكۈنلەردىكى بىر يۈرۈش قائىدە-يوسۇنلىرى ـ ئەنە شۇ يەرلىك ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

دولان ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن تەكلىماكان چۆللۈكىنىڭ غەربىي بۇرجىكىگە جايلاشقان مەكىت ناھىيىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا، مارالبېشى، يەكەن ۋە يوپۇرغا قاتارلىق ناھىيىلەرنىڭ مەكىتكە يېقىن كۆپلىگەن يېزا ـ كەنتلەرگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ھازىر «دولان» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ رايون يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى، خالاستان دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنىغا جايلاشقان، مەكىتنى مەركىزى نۇقتا قىلىپ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ تاسمىقىغا، ئاۋات يېزىلىرىدىن تاكى مارالبېشىنىڭ سېرىقبۇيا، ئاقسامارال ۋە شامال يېزىلىرىغىچە سوزۇلۇپ بارغان بۇ يېرىم ئاي شەكىلدىكى كەڭ رايوننىڭ شەرق تەرىپى باشتىن-ئاياغ تەكلىماكان چۆللۈكى بىلەن، غەرب تەرىپى يەكەن دەرياسى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. تەخمىنەن 33 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت بۇ زېمىندا ياشاۋاتقان دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئاز دېگەندىمۇ 300 مىڭدىن ئارتۇق (باشقا رايوندىكىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەكلىماكان بىلەن چېگرىلىنىدىغان يىراق يېزىلاردا خۇددى قەدىمكىگە ئوخشاش قۇش، قارىچۇغا بېقىپ مەخسۇس ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ ھېلىھەم مەۋجۇت. جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تۈرلۈك تەبىئىي شەرت-شارائىتلار دولانلارنى سىرتنىڭ تەسىرىگە ئانچە كۆپ ئۇچرىتمىغاچقا، دولان خەلقى ئارىسىدا «12 مۇقامنىڭ كونا مەنبەسى ۋە گەۋدىسى» بولغان دولان مەشرىپى، شۇنداقلا بىز بۇ ماقالىمىزدە قەيت قىلماقچى بولغان توي ئادەتلىرى ئۆز خاسلىقىنى ساقلاپ قالغان.

دولان خەلقى ئارىسىدا «مەسلىھەت چېيى»، «سۈت ھەققى» دېگەنگە ئوخشاش قائىدە-يوسۇنلار ۋە باشقا شەكلى ئۆزگەرگەن نىكاھ سودىلىرى ئەزەلدىنلا يوق بولۇپ، ئوغۇل بىلەن قىز ئۆزئارا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپتىن بىر نەچچە كىشى قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بېرىپ، چىرايلىق، ئەدەبلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. قىز تەرەپ مەيلى قېتىلسۇن ياكى قېتىلمىسۇن ئالدى بىلەن ئەلچىلەرنى قىزغىن كۈتۈپ ياخشى مېھمان قىلغاندىن كېيىن، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلار بەرگەن جاۋابىدا توي قىلىشقا قېتىلغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئىككى تەرەپ شۇ مەيداندىلا تويىنىڭ ۋاقتى، ئېلىنىدىغان تويلۇق قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدۇ؛ قېتىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن تەقدىردىمۇ ئالدى بىلەن ئەلچىلەرنى مېھمان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەدەبلىك سۆزلەر بىلەن ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ چىرايلىق ئۇزىتىپ قويىدۇ؛ ئەگەر تويىنى قىلىشقا قېتىلغان ئەمما مەلۇم سەۋەبلىك ۋاقتىنى كېيىنگە سوزۇش نىيىتى بولسا، ئەلچىلەر تويلۇق تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. «تويلۇق تاشلاش» دېگىنىمىز — تويلۇق ئۈچۈن ئېلىنىدىغان بىرەر قىسمەتلىك بۇيۇمنى قىزنىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئاشۇ تويىنىڭ ئاللىقاچان قارار قىلىنغانلىقىنىڭ ماددىي پاكىتى ھېسابلىنىدۇ.

تويىنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەھلى جامائەت تەكلىپكە ئاساسەن ئاۋۋال قىزنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ چوڭ ئاممىۋى سورۇن تۈزىدۇ. جامائەت يىغىلىپ توي داستىخىنىنى سېلىشتىن ئىلگىرى، قۇدىلارغا جۈملىدىن قۇدىلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، تويىي بولىدىغان يىگىتنىڭ ئەل-ئاغىنىلىرىگە «قۇدىلىق چاي» بېرىلىدۇ. «قۇدىلىق چاي» دېگىنىمىز — قۇدىلارنى ئايرىم مېھمان قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ داستىخىنى ئادەتتە توي داستىخىنىدىن مول بولىدۇ.

«قۇدىلىق چاي» بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەھلى جامائەت تەكلىپكە ئاساسەن چوڭ سورۇنغا كېلىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرىدۇ، جۈملىدىن يۇرتنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىسى سورۇندىكى ئورۇننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن، قالغانلار ئۆز سالاھىيىتى بويىچە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىن باشلاپ تاكى سورۇننىڭ ئاخىرقى چېكىگە قەدەر ئورۇن ئالىدۇ. بۇ خىل ئادەت گەرچە ھازىر پېشقەدەملەرنى، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت توغرا ئىزغا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئازادلىقتىن ئىلگىرى بۇنىڭ ئەكسىچە نوقۇل ھالدا سورۇندىكى ئورنىنى تاللىشىدىغان ئىش مەۋجۇت بولۇپ، ئۆز ئورنىنىڭ دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەتتا مەخسۇس «سورۇنغا چىقىش تويى» ئۆتكۈزۈلەتتى. مۇنداق «توي»غا پۈتۈن يۇرت ئەھلى چاقىرىلىپ ئابرويلۇق يەتتە-سەككىز ئادەمگە تون يېپىلغاندىن باشقا، ئونلاپ-يىگىرمىلەپ قويلار سويۇلاتتى. مۇنداق «توي» ئاخىرىدا، يۇرت كاتتىلىرى «توي» ئىگىسىنىڭ مۇندىن كېيىنكى سورۇنلاردىكى ئورنىنى بەلگىلەپ بېرەتتى. چۈنكى سورۇندا ئولتۇرغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ئورنى بولۇپ بىر توي ئۈچۈن ئونلاپ-يۈزلەپ قويلار سويۇلىدىغان ئۇ زامانلاردا تويغا قاتناشقان ھەر بىر ئادەمگە ئۇنىڭ سورۇندىكى ئاشۇ ئورنى بويىچە گۆش تەقسىم قىلىناتتى. يەنە سورۇننىڭ قاپ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىگە «قارىچۇغا ئۈچى» قويۇلسا، ئۇنىڭ يېنىدىكىلەردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئورۇن دەرىجىسى بويىچە «يان»، «ئۇچا»، «بۇختان» ۋە «دول» قويۇلاتتى. ھەربىر سورۇندا «قارىچۇغا ئۈچى» قويۇلىدىغانلاردىن ئىككى كىشى، «يان»، «ئۇچا»، «بۇختان» ۋە «دول» ھەر بىر دەرىجىدە تۆت-بەشتىن كىشى بولاتتى. بۇلاردىن باشقىلارغا گۆش بىر خىل پارچىلىنىپ تارقىتىپ بېرىلەتتى.

ھازىر بۇ خىل ئادەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەن بولۇپ، گەرچە تويدا ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسەن قوي سويىدىغان يوسۇن ھېلىمۇ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن سورۇن ئەھلىنىڭ سالاھىيىتىگە قاراپ بەش خىل دەرىجە بويىچە گۆش

قويىدىغان قائىدە ئاللىقاچان تۈگىتىلدى.

دولان خەلقىنىڭ ھازىرقى توي ئادىتىدە، سورۇن ئەھلى تولۇق يىغىلىپ داستىخان تارتىلغاندىن كېيىن، ئارىدىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ جامائەتكە قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا: ×× ئاخۇنىنىڭ بىر ئوغلى چوڭ بولۇپ، ×× ئاخۇنىنىڭ بىر قىزى بويىغا يېتىپ ×× ئاخۇن ×× نىڭ قىزىنى بالا قىلىۋېلىش ئۈچۈن جۈملىدىن، بىر جۈپ ياشنى قىيامەتلىك چۈپتى ـ نىكارلاردىن قىلىپ چېتىپ قويۇش ئۈچۈن ×× ئاخۇنىنىڭ ئازراق تەييارلىقى بار ئىكەن...» دېگەندەك تەكەللۇپلارنى بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، تويلۇقلارنى بىرمۇ بىر ئاتاپ سورۇندىن ئۆتكۈزۈپ قىز تەرەپ «ھەشقاللا» بىلەن تويلۇقلارنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، كۈيئوغۇل بولغۇچىغا ئېسىل دۇخاۋا بەلباغدىن بىرنى باغلاپ قويىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ كۈيئوغۇللىرىدىن كۈتكەن: «بەختلىك، ئىناق ئائىلە قۇرۇشقا مەڭگۈ بەل باغلاڭ» دېگەن سەممىي ئۈمىدىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن توي قىلغان يىگىتنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇ رەسمىيەتلەر ئادا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كىشلەر ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلار بىركىشى تەرىپىدىن بىرمۇ بىر ئىسمى ئاتىلىپ سورۇنغا قويۇلىدۇ. سوۋغاتلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتا قېلىپلاشقان بىر يۈرۈش سۆزلەر بولۇپ، رەختلەر ئومۇمەن «بىر كېيىم» دەپ؛ نان «بىر توققۇز» دەپ؛ مېۋە-چېۋە، قوماچ، تۇخۇم قاتارلىقلار «مانچە خون» (لېگەن) دەپ؛ پۇل بىر نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ئاتىلىدۇ. دولانلار ئارىسىدا تويغا سوۋغات ئالماي كېلىدىغانلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلىرى گىلەم، قوي، چامادان قاتارلىق ئائىلە لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ كەلسە، قول ئىلكىدە يوق، ئەڭ نامرات يات كىشىلەرمۇ ھېچ بولمىغاندا تۆت نان بىلەن بىر كىيىملىك رەخت ئالماي تويغا كەلمەيدۇ.

ئېلىپ كېلىنگەن سوۋغا-سالاملار قوبۇل قىلىنىپ، تــوي داستىخىنىمۇ تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، توي داستىخىنىدا قورداق، پولو، كوجا، يەنى پۈتۈن پىشۇرۇلغان قوي گۆشى بولىدۇ. نىكاھ ئوقۇش سورۇنى تۈزۈلىدۇ. يىگىت بىلەن قىز ئۆز قولداشلىرى تەرىپىدىن قىز تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپ (قىز ئۆينىڭ ئىچىدە) بىر-بىرىنىڭ جاۋابىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاشقا شارائىت ھازىرلىنىدۇ. ئاندىن نىكاھ قىلغۇچى موللا ئاللاتائالاغا ھەمدۇسانا ئېيتىشتىن باشلاپ، نىكاھ سۈرىسىگە ئۇلاپلا، ئىسلام نىكاھ پرىنسىپلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن مۇنۇ يەرلىك نىكاھ رىسالىسىنى ئوقۇيدۇ:

«... مېھرىبان ئاللاتائالا ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنى بۇۋى ھاۋاغا؛ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى بۇۋى ساراغا؛ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى بۇۋى زۇلەيخاغا؛ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدۇن سەلاللاھۇ ئەلەيھى ۋە سالامنى بۇۋى خەدىچە تۇلكۇبراغا جۈپ ئەيلەپ تەنە سۇل تەۋەللۇد بىرلە ھۇجۇدگاھ نىشانىسىغا كەلتۈردى. ئۇل خۇداۋەندە جاھان، خالىقۇ كۈنى مەكان، جائىلەن نورى ۋەززەلەم خالىقۇللە ۋەھى ۋەلقلەم، ئاللا تابارەك ۋە تائاللانىڭ ئەمرى بىرلە، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەت سەيىنيەلىرى بىرلە، چاھار يارۇ باساپا رىزۋانوللاھى تائالا ئەلەيھىم ئەجەئىنلەرنىڭ دوستانلىقى بىرلە، ئۇشبۇ مەجلىسە ئولتۇرغان مۆئمىسان سادىق ۋە مۇسۇلمان مۇۋاپىقلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىرلە، ××× خان، سىزنىڭ ھەققىي مېھرىڭىز ئۆزلىرى پۈتۈشكەن ھەققى-مېھرىگە تەئىن تاپتى. ئۇشبۇ ھەقلەرگە رازى ۋە راغىب بولۇپ، ئىككى جاھاننىڭ ھالال جۈپلىقى، بىنسىبىيەتى پەرزەنت سالىھە ئۈچۈن، ×× ئاخۇنغا ئۆزىڭىزنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلدىڭىزمۇ؟ (سوراق ئۈچ قېتىم داۋاملاشقاندىن كېيىن، «قىلدىم» دېيىلىدۇ.) ×× ئاخۇن، سىز ئۆزىڭىز ھەم ھازىر تۇرۇپسىز. مەنكۇھىڭىز ×× خانىنىڭ ھەققى ـ مېھرى ئۆزلىرىڭلار پۈتۈشكەن ھەققى-مېھرىگە تەئىن بولدى. ئۇشبۇ ھەقلەرگە رازى ۋە راغىب بولۇپ، ئىككى جاھاننىڭ ھالال جۈپتىلىقى، بىنسىبىيەتى پەرزەنت سالىھى ئۈچۈن ×× خانىنى خوتۇنلۇققا ئۆز ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟ (ئالدىم دېيىلىدۇ.)

يىگىتنىڭ جاۋابىدىن كېيىن، يىگىت بىلەن قىزغا ھازىرقى دەقىقىدىن باشلاپ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىش، بىر-بىرىدىن قىيامەتلىك ھەققىگە قارا سانىماسلىق، بولغۇسى پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئەجدادى ئىزىدىن چەتنىمەيدىغان، ۋاپالىق، ئەدەب-ئەخلاقلىق، تەندۇرۇس، ھالالچى مۇسۇلمان قىلىپ تەربىيىلەپ، ئەۋلادى پاكلىقنى بىجا كەلتۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت-نەسىھەتلەر بېرىلىدۇ ۋە تۇزغا چىلانغان نىكاھ لوقمىسى يىگۈزۈلۈپ، نىكاھ دۇئاسى ئوقۇلىدۇ. دۇئادىن كېيىن جامائەت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، نىكاھلانغۇچىلارنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ. يۇقىرىقى رەسمىيەتلەر ئادا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قىز ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە يۆتكەپ كېتىلىدۇ. (بەزى تويلاردا نىكاھ ئەتىگەندىلا ئايرىم ئوقۇتۇلۇپ، قىز كېيىن يۆتكەپ كېتىلىدىغانلىرىمۇ بولىدۇ).

دولان خەلقىنىڭ قىز يۆتكەش ئۇسۇلى ئىخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، نىكاھ دۇئاسى ئوقۇلۇپ جامائەت نىكاھلانغۇچىلارنى تەبرىكلەپ بولغاندىن كېيىنلا، يىگىت بىلەن قىز ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان بىر ئاتقا مىنگەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ مېڭىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن، تاللانغان بىر توپ نەغمىچىلەر دولان راۋابىنى تەڭكەش قىلىپ، تاكى يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغۇچە شوخ دولان مۇقاملىرىنى جۈملىدىن «جۇلا» مۇقامى تولاپ نەغمە قىلىپ ماڭىدۇ، بۇ ئادەتتە «ھايلاڭ» دېيىلىدۇ.

قىز يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئىشىك تۈۋىگە ئوت يېقىپ، ئوتتىن ئاتلىتىپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىدۇ. قىز ئوتتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۆز قولداشلىرى ياكى يەڭگە بولغۇچى بىلەن ئالدىن تەييارلانغان ئۆيگە كىرىپ، ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، توي مەشرىپى باشلىنىدۇ. مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئاساسەن يىگىت تەرەپنىڭ كىشىلىرى بولۇپ تويى بولغان يىگىت بىلەن قىز ئادەتتە مەشرەپتە ئۇسسۇل ئوينىمايدۇ.

ئەتىسى، توي يىگىتنىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. بۇ تويدىمۇ ئوخشاشلا ئاۋۋال «قۇدىلىق چاي» بېرىلگەندىن كېيىن چوڭ سورۇن تۈزۈلۈپ توي داستىخىنى سېلىنىدۇ؛ سوۋغا-سالاملار سورۇندىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ تويىنىڭ قىز ئۆيىدىكى تويغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ كۈنى ئاتاقلىق قالۇنچىلار دولان راۋابى ۋە دولان غىجىكى چالغۇچىلار بىلەن نەغمىچىلەر تەكلىپ قىلىنىپ، بىر تەرەپتىن دولان مەشرىپى ئوينالسا، جۈملىدىن زۇرزۇر تېپىلغاندا دەررە ئويۇنى، چاي ئۆرۈش ۋە بولى قىلىپ ئويۇن چىقىرىش قاتارلىق دولان مەشرىپىنىڭ خىلمۇ خىل قىزىقارلىق ئويۇنلىرى ئورۇندالسا، يەنە بىر تەرەپتىن توي ئىگىسى چەۋەندازلارنى تەشكىللەپ ئوغلاق سېلىپ بېرىدۇ. بىرەر-يېرىم سائەتلا داۋام قىلىدىغان توي داستىخىنى سېلىش ۋە سوۋغا - سالاملارنى ئوتتۇرىدا قويۇشنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئەھلى جامائەت شۇ كۈنى كەچكىچە مەشرەپ ئويناپ، ئوغلاق تارتىشىش تاماشاسىنى كۆرىدۇ.

ئادەتتە توي ئاخىرلىشىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن «يۈز ئاچقۇ» تويى (چاچۋاخ تويى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۆتكۈزۈلۈپ قىزنىڭ يۈزى ئېچىلىدۇ. بۇ تويدا يۈزى ئېچىلىدىغان قىزغا يەنە بىر يۇرۇش توپلۇق ئېلىنغاندىن باشقا مەخسۇس گىرىم قىلغۇچىلار تەكلىپ قىلىنىپ، قىزنىڭ يۈزىگە ئادەتتىن تاشقىرى مۇبالىغىلىك گىرىملار قىلىنىپ يۈزى يېپىلغان ھالدا سورۇنغا ئېلىپ چىقىلىدۇ ۋە مەشرەپتە ئۇسسۇل ئويناشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. قىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يىگىت بېشى چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ چۈمبىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، يۈزىنى ئېچىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سورۇندا تەبىئىي كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، مەشرەپ ئىخىمۇ قىزىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا نەغمىچىلەر ئەمەلىي ئەھۋالغا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا، قوشاقلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدۇ.

دولانلارنىڭ «يۈز ئاچقۇ» تويى - نوقۇل ھالدىكى چۈمبەلنى ئېچىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت بولماستىن بەلكى توي قىلغان قىزنىڭ شۇ كۈندىن باشلاپ تارتىنىش، قورۇنۇشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، توي - تۆكۈن، ھېيت-ئايەم، نەزىر - چىراغ، ئۆلۈم-يېتىم قاتارلىق ئىشلاردا ئەھلى جامائەتكە ئارىلىشىپ ئۆتۈشىنى مەقسەت قىلىدۇ. «يۈز ئاچقۇ» تويى ئۆتكۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، توي قىلغۇچىلار گۈدەكلىك دەۋرنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئەل-جامائەت قاتارىغا قوشۇلغان ھېسابلىنىدۇ.

تەھرىرى: **خەمىت نېغمەت**

# دۇنيا ئانتروپولوگلىرىنىڭ تەنتەنىلىك يىغىنى

ۋۇ جىنگۋاڭ

ئەزەلدىن دۇنيا ئانتروپولوگىيىسى ۋە مىللەتشۇناسلىقىنىڭ «ئولىمپىك» يىغىنى دەپ نام ئالغان خەلقئارا ئانتروپولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق بىرلەشمىسىنىڭ 13-نۆۋەتلىك دۇنياۋى يىغىنى 1993-يىل 7-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەھەر مېكسىكا شەھىرىدە تەنتەنىلىك ئېچىلدى. جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان 93 دۆلەتتىن كەلگەن 3000 دىن ئارتۇق ئانتروپولوگ ۋە مىللەتشۇناسلار مېكسىكا شەھىرىگە جەم بولۇپ ئانتروپولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئانتروپولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىقنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى ئورنى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ دۇنيا تىنچلىقى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. پۈتۈن يىغىن 23 مەيدان يىغىنغا بۆلۈنۈپ، 200گە يېقىن مەخسۇس تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىلمىي تەتقىقاتلار ئالماشتۇرۇلدى. بۇ ئىلمىي تەتقىقاتلار: قېرىلىش، ئارخىپ، ئاياللار، ھەق-تەلەپ قانۇنى، يېمەك-ئىچمەك، كېلەچەك ئىلمى، ئىنسانلار ئېكولوگىيىسى، مۇزېي ۋە مەدەنىيەت مىراسلار، كۆچمەن مىللەت، دۇنيا تىنچلىقى، شەھەر تەرەققىياتى، كىنو-تېلېۋىزىيە مەدەنىيىتى، دىن، ساياھەت، ئارخېئولوگىيە قاتارلىق ئىنتايىن كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە قىتئە خاراكتېرلىك ۋە ئايرىم دۆلەتلەر ئۈستىدە يەنى لاتىن ئامېرىكىسى ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتى؛ ئافرىقا، ئاسىيا، ئوكيانىيە ياۋروپانىڭ ئىقتىسادىي، ئانتروپولوگىيىسى شۇنىڭدەك سىياسىتى ۋە جۇڭگو ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. يىغىن جەمئىي 368 قېتىمغا بۆلۈنۈپ ئېچىلدى، 3500 دىن كۆپرەك ئىلمىي ماقالىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، 1500 دىن كۆپرەكى ئوقۇلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن ھەم نۆۋەت ئالماشتۇرۇش يىغىنى بولۇپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىن مەزگىلىدە، مۇئاۋىن رەئىس بىلەن دائىمىي كېڭەش ئەزاسىنى باشقىدىن سايلاپ چىقىپ، كېلەر سانلىق يىغىننىڭ يەنى 1998-يىلى 14-نۆۋەتلىك يىغىننىڭ ئامېرىكىنىڭ ۋىرگىنىيە شتاتىنىڭ ۋىليامبۇك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى بېكىتىلدى.

مېكسىكا ساھىبخان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. زۇڭتۇڭ كارلوس سالىناس ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. مېكسىكا شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى كاماچ بورىس كاتتا زىياپەت بېرىپ ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالدى.

(1)

خەلقئارا ئانتروپولوگىيە، مىللەتشۇناسلىق بىرلەشمىسى- ئانتروپولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىجتىمائىي بىئولوگىيە ئانتروپولوگىيىسى پەن تەتقىقاتى خادىملىرى ۋە ئورگانلىرىنىڭ دۇنياۋى تەشكىلاتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئارخېئولوگ، تىلشۇناس قاتارلىقلارغىمۇ ئەزاسى بار. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت B دەرىجىلىك تەشكىلاتىغا قارايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى- دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئالىملار ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تىرىشىپ، ئانتروپولوگىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ، تەبىئەت بىلەن مەدەنىيەت ئۆزئارا ماسلاشقان كېلەچەك قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

بۇ تەشكىلات ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم دۇنياۋى ئانتروپولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق يىغىنى ئاچىدۇ. ئارىلىقتا يەنە بىر قېتىم رايونلار ئارا يىغىن ئېچىپ مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن مۇھاكىمە ۋە تەشۋىق قىلىدىغان دۇنياۋى مۇنبەر ھازىرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ھەر خىل خەلقئارالىق يىغىنلارنى، مەخسۇس تېمىدىكى مۇھاكىمە ۋە ئۆگىنىش يىغىنلىرىنى دائىم ئېچىپ، ئانتروپولوگلارنى باشقا خەلقئارالىق يىغىنلار ھەم تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ بىرلەشمە 17 مەخسۇس كومىتېت ئارقىلىق، ئانتروپولوگىيە تەتقىقات ئەھۋالىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەتبۇئات ئارقىلىق تەشۋىق قىلىدۇ.

بۇ بىرلەشمە 1948-يىل 8-ئاينىڭ 23-كۈنى قۇرۇلغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ 1934-يىلى قۇرۇلغان خەلقئارالىق ئانتروپولوگىيە، مىللەتشۇناسلىق يىغىنى بىلەن بىر تەشكىلات. بۇ ئىككى تەشكىلات 1968-يىلى رەسمىي بىرلەشكەن.

خەلقئارالىق ئانتروپولوگىيە، مىللەتشۇناسلىق بىرلەشمىسى، خەلقئارالىق ئىجتىمائىي پەنلەر كېڭەش مەجلىسى ۋە خەلقئارالىق پەلسەپە گۇمانىتار پەنلەر تەتقىقات كېڭەش مەجلىسىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى. بۇ ئىككى كېڭەش مەجلىسىنىڭ ھەممىسى غەيرىي ھۆكۈمەتنىڭ

خەلقئارالىق تەشكىلاتى، بۇ تەشكىلاتنىڭ تورۇشلۇق ئورنى پارىژدا.

بۇ بىرلەشمىنىڭ ئۆزى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 50 نەچچە دۆلەتنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك ۋە ئىجتىمائىي كەسىپ خاراكتېرلىك ئورگانلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ يەنە نەچچە يۈز شەخسىي ئەزالىرى بار. ھەر بىر دۆلەتتىن ئەڭ كۆپ بولغاندا ئالتە كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى بىرلەشمىنىڭ دائىمىي كېڭەش مەجلىسىنىڭ ۋەكىلى بولالايدۇ.

دائىمىي كېڭەش مەجلىسى بىرلەشمىنىڭ باشقۇرۇش ئورگىنى بولۇپ، ھەربىر ئۆمەكنىڭ پەقەت بىرلا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ. بىرلەشمىگە بەدەل پۇلى تۆلىگەن ئەزالارنىڭ ھەممىسىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش ۋە ئاۋاز بېرىش سالاھىيىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى دائىمىي كېڭەش مەجلىسى، بىرلەشمىنىڭ رەئىسى ۋە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

(2)

جۇڭگو چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيىسى جەمئىيىتى 1992-يىلى 6-ئايدا قۇرۇلۇپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى خەلقئارالىق ئانتروپولوگىيە، مىللەتشۇناسلىق بىرلەشمىسىگە قاتنىشىپ، مۇشۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەردىن بولۇپ قالدى. 1993-يىلى 5-ئايدا، چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيىسى شەندۇڭدا تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىنى ئاچتى. خەلقئارالىق چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيىسى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەنسار ئەپەندى بۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە قىزغىن سۆز قىلدى.

بۇ بىرلەشمىنىڭ 13-نۆۋەتلىك يىغىنغا ئېلىمىز چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيىسى جەمئىيىتى، مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ باشلىقى يولداش لى دىجۇ باشچىلىقىدىكى ئون كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالتە نەپەر مۇتەخەسسىس ۋە ئالىم بۇ ئۆمەك بىلەن بىرگە يىغىنغا قاتنىشىپ ئايرىم-ئايرىم ھالدا «چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيىسى» ۋە «جۇڭگو ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتى» دېگەن ئىككى تېمىدىكى مەخسۇس مۇھاكىمە يىغىنغا قاتناشقاندىن باشقا يەنە جۇڭگوغا ۋەكالىتەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىككى سانلىق دائىمىي ئىشلار كېڭەش مەجلىسىگە قاتناشتى. كېڭەش مەجلىسىدە شياڭگاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق جەمئىيەتشۇناسى فېي شياۋتۇڭ ئەپەندى خەلقئارا ئانتروپولوگىيە ۋە مىللەتشۇناسلىق بىرلەشمىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك پەخرىي ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىنىڭ پروفېسسورى رۇەن شىخۇ پەرقلىق سايلام ئارقىلىق بىرلەشمىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزالىقىغا سايلاندى. بۇ، بىرلەشمە قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇنجى قېتىم پەخرىي ئەزالىق ۋە دائىمىي كېڭەش ئەزالىقىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

8-ئاينىڭ 2-كۈنى «چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيىسى» دېگەن تېمىدىكى ئۆگىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش يىغىنى قوشۇمچە يىغىن زالىدا ئېلىپ بېرىلدى.

دۆلىتىمىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكى يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە يولداش جۇدېجۇنىڭ «جۇڭگو چوڭ شەھەرلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى تەتقىقاتى ۋە ئۇنىڭ تەتبىقلىنىشى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى بار. لى دېجۇنىڭ ئىلمىي ماقالىسى يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ قاتتىق ئىنكاسىنى قوزغىدى. ئۇلار جۇڭگو چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل خەلقئارا چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ھەمدە خەلقئارا چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىملار توشمۇتوشتىن سوئال سوراپ جۇڭگونى چۈشىنىشكە، جۇڭگو چوڭ شەھەرلىرىنىڭ ئانتروپولوگىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىگىلەشكە ئالدىراپ، يىغىن سورۇنىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈۋەتتى. كېيىندىنلا يولداش تەن شېڭنىڭ «جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇشى بىلەن باغۋەنچىلىك سەنئىتى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىمۇ يىغىنغا قاتناشقانلارنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان شەھەرلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى قۇرۇلۇش سەنئىتى شۇنىڭدەك باغۋەنچىلىك سەنئىتىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ شانلىق شەھەر قۇرۇلۇش سەنئىتىنى كۆپ تەرىپلەشتى.

8-ئاينىڭ 4-كۈنى دۆلىتىمىز چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيىسى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى شاجىژيۇەن ئەپەندى بىلەن باش كاتىپ خۇاڭ فېڭشياڭ ئەپەندىمۇ سۆز قىلدى.

مۇشۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، بىز كۆپ دوستلار بىلەن تونۇشۇپ، جۇڭگونى تەشۋىق قىلدۇق. ئىلمىي تەتقىقاتلار ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، كۆپ ئۇنۇم ئالدۇق. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى يىغىن، ئېلىمىزنىڭ ئانتروپولوگىيىسى ۋە مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنى تېخىمۇ ياخشى ئۇنۇمگە ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە كۆتۈرىدۇ خالاس.

(ئامىنە ئابدۇرېھىم . ت) تەھرىرى: خەمىت نىغمەت

# ئىندىئانلار ۋە ئات

ئات ئىنسانىيەت تارىخىدا ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ۋەكىلى بولغانلىقى شۈبھىسىز. بەزىلەر ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىكى ئىندىئانلارنى ئىسپانلار بايقىۋالغان دېگەندىن كۆرە ئىسپانلار ئېلىپ كىرگەن ئات، تۆمۈر قوراللار ۋە ئوق - دورىلار بويسۇندۇرغان دېگەن تۇزۇك دەيدۇ. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ مەدەنىيەت سىمۋولى بولغان ئاندىس تېغىدىكى ياۋايى ئاتلار خۇددى مۇلايىم ئىندىئانلارغا ئوخشاش ياۋاش بولۇپ، ياۋروپا ئاتلىرىغا ئوخشاش چاپچىپ تۇرۇش ئىقتىدارى يوق ئىدى. ئىسپانلار ئاتلارنى كېمىگە سېلىپ، ناتونۇش قۇرۇقلۇققا ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمىگەن. ئۇلار ئاتنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ھەر بىر ئاتنىڭ تۇغۇلۇشى، تەقى - تۇرقى، ئۆلگەن جايى توغرىسىدا ئايرىپ تۇرغۇزۇپ، خۇددى ئادەمگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى چەۋەندازلارنىڭ كونا ئادەتلىرىدىن قېپقالغان. ئات ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ يۇكسەك مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك رولىنى ئوينىغان، يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىدا تەسۋىرلىنىشىچە، ئىندىئانلار ئىسپانلارنى تۇنجى كۆرگەندە «ئۇلار ئېگىزلىكى ئۆگزىچە كېلىدىغان بىر خىل بۇغىغا مىنىۋاپتۇ» دەپ تەسۋىرلەشكەن. خېلى ۋاقىتقىچە ئىندىئانلار ئاتنى چەۋەندازلار بىلەن بىر گەۋدە غەلىتە مەخلۇق دەپ قاراپ كەلگەن. ئۇلار ئات ئۆزى ئىندىئانلارنى قىرغىن قىلالايدۇ دەپ قارىغاچقا، ئاتتىن ھېيىقاتتى. ھېلىگەر ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ نۇقتىنى سەزگەندىن كېيىن، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن بۇنىڭدىن پايدىلانغان، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، مېكسىكىنىڭ قەبىلە باشلىقى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىسى كارتىس بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا، كارتىس ناھايىتى قىزىقارلىق بىر مەيدان پىسخىكا جېڭى ئورۇنلاشتۇرغان. كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى كارتىس قول ئاستىدىكىلەرگە يېقىندىن تايلىغان بىر بايتالنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۆيىگە باغلاتقۇزىدۇ، ئاندىن بايتالنى كۆرسە تۇرالمايدىغان ناھايىتى شاش بىر ئايغىرنى ھېلىقى بايتالنى يۇراتقۇزۇپ قويۇپلا بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويىدۇ. قەبىلە باشلىقى كارتىسنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئايغىرنى ئۆيگە يېقىن بىر جايغا باغلاپ قويىدۇ. «ئۇ ئايغىر بۇرۇن كارتىس بىلەن قەبىلە باشلىقى پاراڭلىشىۋاتقان ئۆيدە تۇرۇپ باققان بولغاچقا، ناھايىتى تىپىرلاپ، شاشلاپ، يەرنى قېزىپ، ھېلىقى ئىندىئانلار بىلەن بايتال بار ئۆيگە قاراپ قاتتىق كىشنەيدۇ. قەبىلە باشلىقلىرى بۇ ئات بىزگە قاراپ كىشنەۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىدۇ. كارتىس ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئولتۇرغان يېرىدىن تۇرۇپ ئىككى لەشكىرىگە ئاتنى ئېلىپ كەتكۈزىدۇ. ئاندىن



ئىندىئانلارغا، ئاتقا ئۇلار بىزبىلەن ئىتتىپاقلاشقىلى كەپتۇ، ئۇلار ياخشى ئادەملەر سەن ئاچچىقلانما، دەپ قويىدۇم، — دەيدۇ. كارتىس ئىندىئانلارنى مانا مۇشۇنداق ئالدىغان. ئىندىئانلار ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇرۇشقا ماھىر، ناھايىتى جاھىل بىر ئىندىئان قەبىلىسى — تىراسكارلار باشتىن-ئاخىر ئىسپانلارغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار ئۆلۈپ-تىرىلىشكە قارىماي بىر جەڭ ئېتىنى قولغا چۈشۈرگەن، ئۇلار بۇ ئاتنى ئۆلتۈرۈپ قىيما-چىيما قىلىپ، ھەر قايسى قەبىلىلەرگە ئاپىرىپ سازايى قىلغان. ھەممە ئۇ ئاتنىڭ تاقىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھىغا «سوۋغا» قىلىپ، «ئات ئىلاھى» نىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرغان.

ئاتلىق ئىسپانلار ئاخىرى پىيادە ئىندىئانلارنى بويسۇندۇردى. مۇستەملىكە دەۋرىدە ئىندىئانلار ئات مىنسە بولمايدۇ، دېگەن تەقىقلەش پەرمانى بار ئىدى، شۇڭلاشقا ئات ئورۇن، مەرتىۋىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان ئىدى، مۇستەملىكە دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پىرولۇق يازغۇچى باركاسار ھېكايىسىدە: «ئاتلىق ئىندىئانلار» دىن ئىبارەت يېڭى ئىندىئانلار ئوبرازىنى تەسۋىرلىگەن. ئات بولغانلىقى ئۈچۈن ئارگېنتىنانىڭ چەكسىز پانپاس يايلىقىدا شالغۇت كۆچمەنلەر مەدەنىيىتى، ساناقسىز ئەدەبىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى، ھەتتا ئارگېنتىنا خەلقىنىڭ مىللىي خاراكتېرىدە بىر خىل ئۆزگىچە سالاپەت بارلىققا كەلدى.

ماددىي مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشى ئەزەلدىن ناھايىتى نورمال ھادىسە، ئىنسانىيەت تارىخى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، بۇ خىل پەرق تۈگىمەيدۇ، ماددىي مەدەنىيەت مۇستەملىكىچىلىك بىلەن قۇدىلاشقاندىن باشلاپ ئازاب پەردىسىنى يېپىندى. ئىندىئانلار بىلەن ئات توغرىسىدىكى ھېكايە بىزگە مۇستەملىكىچىلىكنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچىمى قولىدىكى يۇكسەك مەدەنىيەت بىلەن ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى قۇل قىلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىقتا دېگەن ئاددىي بىر ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. مۇستەملىكىچىلىك ھەرگىزمۇ ئەگىر - توقاي ئىلگىرىلەش يولى بولماستىن بەلكى ئۇنىڭ باشلىنىشىلا ئەخلاق ۋە ھەققانىيەتكە قىلىنغان ئاسىيلىق.

«ئات ئۈستىدىكى ئىندىئانلار» دىن ئىبارەت بۇ ئوبرازدىن 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قارا دوسكىدا كۆرگەن بىر پارچە رەسىم ئېسىمگە كەلدى: رەسىمدە بىر جۇڭگولۇق قولىدا بىردانە ھېسابلاش ماشىنىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان. رەسىم چۈشەندۈرۈشىگە: «جۇڭگو خەلقى قەد كۆتۈردى، جۇڭگو خەلقى ھېسابلاش ماشىنىسىنى كۆتۈرۈپ، ئورنىدىن دەس تۇردى» دەپ يېزىلغان. ماددىي مەدەنىيەت خۇددى بىر گىگانت ئادەم ئالدىمىزدا تۇرۇپ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئارقىدا قالغان ھەر بىر مىللەتنى چىقىش يولى ئىزلەشكە مەجبۇرلىماقتا. ئەمما، بۇ خىل جەڭ ئېلان قىلىش ماددىي جەھەتتىكى جەڭ ئېلان قىلىش بولۇپلا قالماستىن بەلكى ھەم مەنىۋى جەھەتتىكى جەڭ ئېلان قىلىشىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگو خەلقى ھەقىقىي قەد كۆتۈرىمەن دەيدىكەن، يەنىلا ھەربىي ئىشلارغا ماھىر تىراسكارلاردەك ياۋايى باتۇرلۇققا ئىگە بولۇشى، پەقەت ئىسپانلارنىڭ ئېتىنى تارتىۋېلىپ ئىندىئان چەۋەندازلىرىدىن بولۇش جۈرئىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاتنى پارچە- پارچە قىلىپ «ئات ئىلاھى» نى كەمسىتىشكە جۈرئەت قىلىشى كېرەك. ئات ئۈستىدىكى ئىندىئانلار بىلەن ئاتنى تارتىۋالغان ئىندىئانلار مەدەنىيەتنىڭ ئىككى خىل تەپەككۇرىغا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن. بۇنداق دېيىشتىكى مەقسەت، داقا - دۇمباق چېلىپ جەڭگە ئاتلىنىپ، «ئۆلۈمدىن قورقمايمىز» دەپ توۋلىشىپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ توپ- زەمبىرەكلىرىگە تاقابىل تۇرايلى، دېگەنلىك ئەمەس. پەقەت شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمىزكى، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ھەرگىزمۇ ئىككى نۇقتىنى بىر تۈز سىزىق بىلەن ئۇلاشتەك ئاسان ھەم نۇقسانسىز ئەمەس. بىرمىلەن: «ئىندىئانلار مۇستەملىكە مەزگىلىدە مەدەنىيەتلىك ئۆتكەن بىلەن، بەختلىك بولۇشى ناتايىن» دېگەن ئەمەسمۇ! 20- ئەسىردىكى بۈگۈنكى كۈندە، ماددىي مەدەنىيەت يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئامېرىكىدا، ئۆز رازىلىقى بىلەن ئىندىئانلار قەبىلىسىگە قاراپ ماڭغان «ئاق تەنلىك ئىندىئانلار» دۇنياغا كېلىۋاتامدۇ؟ مەدەنىيەت ھەرگىزمۇ تەپتەكشى پارلاق يولدا تەرەققىي قىلغان ئەمەس، ئىندىئانلار بىلەن ئات توغرىسىدىكى ھېكايە بىزگە شۇنى ئەسكەرتتىكى: ئىسپان مۇستەملىكىچىلىرى ئۆز رازىلىقى بىلەن ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئاتلارغا ئىندىئانلارنىڭ مىنىۋېلىشىنى خالىغان ئەمەس.

(شۆھرەت مۇھەممەدى - ت) تەھرىرى: ئەكبەر ئىلى

# تېرىگە ئېلىپ داۋالاش

ئەھەتباقى مەتنىزەر

تېرىگە ئېلىپ داۋالاش ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان، بىر خىل ئەنئەنىۋى يەرلىك داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تېرىگە ئېلىپ داۋالاش ئارقىلىق تېرىنىڭ قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاش، نېرۋىنى روھلاندۇرۇش، بەدەننى جانلاندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، تېرىگە ئېلىپ داۋالاش كۆپىنچە ئاغرىقتىن پەيدا بولۇپ ساقايغانلار، ئادەتتە مىجەزى سوۋۇشۇپ، روھسىز، ئۇيقۇچان، ھېچ ئىش خۇش ياقمايدىغان بولۇپ قالغانلار ھەمدە سىرتقى كۆچنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، دۈمبە، بەل مۇسكۇللىرى زەخىملەنگەن، كۆكەرگەن، ئىششىغانلارغا قوللىنىلىدۇ. تېرىگە ئېلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ.

## 1. ماتېرىيال ۋە ئۇنى تەييارلاش

(1) تېرىگە سۈرۈش ئۈچۈن بەش مىسقال ئاق مۇچ، بەش مىسقال قارامۇچ، ئىككى تال قورۇتۇلغان قىزىل مۇچ، بىر سەر ئارپا بىديان، ئىككى سەر ئەمەن ئۇرۇقى، بەش مىسقال زەنجىۋىل، بەش مىسقال قوۋزاق دالچىن، ئىككى سەر سېرىق چېچەك ئۇرۇقى، ئىككى تال جۇيۇز، ئىككى تال موزا، (ئاياللارغا ئەركەك موزا، ئەرلەرگە چىشى موزا)، بەش مىسقال قەلەمپۇر (قوقاستايىلى چىقىرىۋېتىلگىنى)، ئىككى تال پىل پىل قاتارلىقلار تەييارلىنىپ، ھەممىنى قوشۇپ سوقۇپ، تاختا ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن ئۇن تۇخۇمنى چېقىپ (ئاق، سېرىقى ھەممىسىنى) دورىغا ئارىلاشتۇرۇپ بوتقا تەييارلىنىدۇ.

(2) سوت ئېمىۋاتقان پاقلان ياكى ئۆچ ئايلىقتىن ئاشقان ئوغلاقتىن بىرنى تېز سويۇپ تېرىسى ئاجرىتىلىدۇ.

## 2. ئىشلىتىش ئۇسۇلى

ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان دورا بوتقىسىنى تېرە يۈزىگە تەكشى سۈۋاپ ئاندىن بىمارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە ئىسسىق پېتى چاپلىنىدۇ. بىمار ئىككى - ئۈچ سائەت تىنچ يېتىپ، مۇۋاپىق بولدى دەپ قارىغاندا تېرە ئېلىۋېتىلىدۇ.

## 3. ئالاھىدىلىكى

تېرە يۈزىگە سۈرتۈلگەن دورىلار تىببىي دورىگەرلىك ساھەسىدە خېلى يۇقىرى داۋالاش ئۈنۈمىگە ۋە ئىلمىيلىككە ئىگە بولۇپ، تېرە ياردىمى بىلەن بۇ دورىلار بەدەن سىرتىدىن ئىشلىتىلگەندە، تەسىرى تېز، ئۈنۈمى روشەن بولۇپ، ئالاھىدە رېئاكسىيىلىك ئەھۋال سادىر بولمايدۇ. ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز يېرىدىن ئالغىلى بولىدۇ ھەمدە ئالاھىدە نازۇك تېخنىكىلىق ئۇسۇلنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

## 4. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

(1) تېرىگە ئېلىپ داۋالاش ئادەتتە بىخەتەر بولسىمۇ ناھايىتى ئاز كىشىلەردە تېرە چاپلىنىپ بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن بىئاراملىق ھېس قىلىش، تىترەش، قىزىش، ھۆ تۇتۇش، تىلى يۇغىناپ قالغاندەك بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تېرىنى دەرھال ئېلىۋېتىش كېرەك.

(2) ھامىلدار ئاياللار، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغانلار، توختىماي يۆتىلىپ تۇرغانلارنى تېرىگە ئېلىشقا بولمايدۇ.

(3) تېرە بەدەن يۈنىلىشى بويىچە، دۈمبە، بەل مۇسكۇلىغا چاپلىنىدۇ. قورساق، كۆكرەك قىسمىغا چاپلاشقا بولمايدۇ.

(4) تېرە چاپلىنىدىغان دائىرە ئىچىدە يىرىڭلىق جاراھەت ياكى ئاغزى ئوچۇق يارا بولماسلىقى كېرەك. (تېرە ئاستى مۇسكۇلى زەخىملەنگەن، لېكىن تېرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى بۇزۇلمىغان ئەھۋالدا چاپلاشقا بولىدۇ.)

(5) چاپلىنىدىغان تېرە ھايۋانات تېنىدىن ئاجرىتىۋېلىنغان بولغاچقا، ئۆلتۈرۈلگەن چارۋا كېسەل چارۋا بولماسلىقى، سويۇش جەريانىدا تېرىنىڭ گۆش يۈزى بۇلغانماسلىقى لازىم. بولۇپمۇ چارۋىلاردا بولىدىغان بروسلىيوز، كۆيدۈرگۈ (قوتۇر) باكتېرىيىلىرىنىڭ ئادەمنى يۇقۇملاندۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

تەھرىرى: ئەكبەر ئېلى

# ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

**سوئال:** مەن دائىم خەت يازغاندا چىرايلىق يېزىشنى ئويلايمەن. ئەمما قەلەمنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەنلا چىرايلىق يازالمىغاندىن سىرت تىنىش بەلگىلىرىنىمۇ لايىقىدا قويالمايمەن، قانداق قىلسام بولار؟

— پەيزاۋات ناھىيىسىدىن **مەخسۇمجان سادىق**

**جاۋاب:** لوم تۇمۇرنى بىلەپ يىگنە ياسىغان موماي ھەققىدىكى رىۋايەتنىڭ تېگىگە يەتكىنىڭىزدە بۇ مەسىلىڭىز ھەل بولىدۇ.

**سوئال:** ئاپام ھەمىشە سىڭلىمغا: «قىزىم، بويۇڭغا يېتىپ قالدىڭ، «قىز بالا ـ ھامان تالا»دېيىشكەن. ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇچۇرما بولسەن، ـ دەيدۇ. ئېيتىڭا، سىڭلىم ئۇچۇرما بولسا، ئۇچۇپ نەگىمۇ بارار؟

— قاغىلىقتىن **سىدىق تۇردى**

**جاۋاب:** نەگە باراتتى، كەلگۈسى ئېرىنىڭ قېشىغا بارىدۇ.

**سوئال:** يولداش تەھرىر مېنىڭ سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن دەردىم بار ئىدى. مەن سىزگە دەي دېسەم ژۇرنالدىكى «دەردىڭگە دەرمان بولاي» دېگەن سەھىپىلەرنىڭ بەك ئازلىقىدىن قورقۇپ پاتماي قالارمىكىن دەپ يازالماي قالدىم، ئەگەر شۇنىڭغا يەنە بىر ۋاراق قوشقىلى بولسا مەن ئۇ چاغدا خوتەن خەلقىنىڭ دەردىنى سىزگە سۇنۇپ، دەردىمىزگە دەرمان بولۇشىڭىزنى ئۆتۈنگەن بولار ئىدىم. تەلىپىمىزنى ئورۇندىغىلى بولارمۇ؟

— خوتەندىن روزنىياز ئاخۇن ئەنجان

**جاۋاب:** ئەگەر دەردىڭلارغا دەرمان بولالايدىغانلا بولساق، قولىمىز كۆكسىمىزدە. مېنىڭچە باش مۇھەررىر ئىككى بەت ئەمەس، 20 بەتكىمۇ قوشۇلۇشى مۇمكىن.

**سوئال** :مەن بىر قېتىملىق قاتناش ۋەقەسىدە ئېغىر يارىلىنىپ بىر پۇتۇمنى دوختۇرلار كېسىۋەتكەن ئىدى. شۇندىن بۇيان سۇنئىي پۇت سالدۇرۇپ يۈرۈۋاتىمەن. مەن ئويلايمەنكى، ئادەملەرنىڭ پۇتىمۇ كۆنلەرنىڭ بىرىدە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شېخىنى كېسىۋەتسە كۆكلەپ چىققاندەك قايتا ئۆسۈپ چىقارمۇ؟

— قەشقەر كونىشەھەردىن **شۆھرەت ئابىت**

**جاۋاب:** بۇ دۇنيادا ھەرقانداق مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن، ئادەمزات يارىتىلغان يەردە، ئادەمنىڭ پۇتىنى ئۆسمەيدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

**سوئال:** قايسىبىر سانىڭلاردىن «شەيتان لۇغەت»بېتىنى تاپالمىدىم. بىركىم يىرتىۋالدىمىكىن دېسەم مۇندەرىجىدىمۇ يوق ئىكەن. بۇ نېمە قىلغىنىڭلار! بۇداقى ساندا مەن ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر بەتنىڭ ئۈنتۇلۇپ قېلىنىشىدىن ئەنسىرىمەن.

ـ قەشقەر سىفەن شۆيۈەندىن **ئىسمائىلجان**

**جاۋاب:** شەيتان دېگەن ھامىنى شەيتان ـ دە، گاھ يوقاپ گاھ پەيدا بولۇپ قالىدۇ، بىراق سىز خاتىرجەم بولۇڭ، باشقا سەھىپىلەر شەيتانلىق قىلالمايدۇ.

**سوئال:** مەن ژۇرنىلىڭلارغا يازغان ئەسەرلىرىمنى ئەۋەتىشنى ئويلىغان بولسامۇ، دائىم بىر قىسىملا بولۇپ قالىمەن ھەم تۇرۇپلا ئەۋەتكەن ئەسەرلىرىم چىقماي قالامدىكىن، بۇ ژۇرنالنىڭ ئەسەرلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولغان بولسا، ئەسەرلىرىم تاشلىنىپ قالامدىكىن دەپ، ئەسەر ئەۋەتىش ئىستىكىمدىن قايتىپ قالىمەن. بۇ مېنىڭ ئۆز-ئۆزۈمگە ئىشەنچ قىلالمىغانلىقىمدىن بولغانمۇ، ياكى سىلەرگىمۇ؟

— قاغىلىقتىن **ئابلاجان ھاشىم**

**جاۋاب:** ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ قىلالمىسىڭىزمۇ بىزگە قاتتىق ئىشىنىڭ. چۈنكى بىزدە بىرلا تارازا بار، ئۇنىڭغا ئادەم سالماي، ئەسەر سالىمىز.

**سوئال:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دۇنياغا كەلگەنلىكى ئادەم يىغلاپ تۇغۇلىدىكەن. نېمىشقا بىرەرسىمۇ كۈلۈپ تۇغۇلمايدۇ؟

— خوتەندىن **خېلىل ئادىل**

**جاۋاب:** چۈنكى ھەرقانداق بوۋاق ئۆزىنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىك يەردىن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك دۇنياغا تۆرىلىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلغان ـ دە.

**سوئال:** مەن ئۆزلۈكىمدىن ئۆگىنىۋاتقان ئەدەبىيات ھەۋەسكارى، ئۇنى ئۆگەنسەم بۇ تۇرىدۇ، بۇنى ئۆگەنسەم ئۇ تۇرىدۇ، توساقلار كۆپ، چۆرگىلىپ قېلىۋاتىمەن. بىرەر ئەپچىل چىقىش يولى كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز؟

— خوتەندىن **خېلىل ئادىل**

**جاۋاب:** تاغقا تۆۋەندىن يۇقىرىغا يامىشىڭ، سۇغا تېيىزلىكتىن چوڭقۇرلاپ مېڭىڭ، ناننى بىر چىشلەم بىر چىشلەمدىن يەڭ. توساقنىڭ ئاستىدىن ئالدىن ئۆتۈڭ. جىگدىچۇكتەك شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرمەي، تاشپاقىدەك ئاستا بولسىمۇ پۇختا مېڭىڭ.

(جاۋاب بەرگۈچى: **ئەكبەر ئېلى**)

# كۈلكە خۇرۇچلىرى

## كېرەك يوق

ئالىي دەرىجىلىك ئاشپۇزۇلغا كىرىپ تاماق يېگەن بىر خېرىدار ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا مۇنداق دېدى:

ـ ئەپەندىم، مەن تاماق پۇلىنى تۆلىيەلمەيدىغان بولدۇم، چۈنكى ھەمىيىنىمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن، كېلەر قېتىم تۆلىۋېتىمەن.

كېرەك يوق،ـــ خوجايىن كۈلۈپ تۇرۇپ،ـــ ئىسمىڭىزنى تامغا يېزىپ قويۇپ، كېلەر قېتىم تۆلىۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ـ ياراق، مەن ئىسمىمنى ئاشكارا يېزىپ قويسام تونۇش بىلىشلەر ئالدىدا قانداق بولار؟

ــ ھېچقىسى يوق،ـــ دېدى خوجايىن،ـــ چاپىنىڭىزنى سېلىپ ئىسمىڭىز بار يەرگە ئېسىپ قويسىڭىزلا بولىدى.

## مۇمكىن ئەمەس

ئــايال: مەن سەن بىلەن توي قىلغىنىمغا بەك پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، بۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ساڭا تەگمەي ئالۋاستىغا تەگكەن بولاتتىم.

ئەر: بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، سەن ھازىرغىچە يېقىــن تــۇغقــانلارنىــڭ ئــۆزئــارا توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئۇقمامسەن؟

## يېقىن يول

ئا: ئەپەندىم، سالچى ئىدارىسىگە بارىدىغان ئەڭ يېقىن يولنى كۆرسىتىپ قويغان بولسىڭىز؟

ب: بۇ بەك ئاسان. سىز ئاۋۇ دۇكانغا كىرىپ مال ئېلىپ پۇلنى بەرمىسىڭىز بىر نەچچە مىنۇتتىلا ئۇ يەرگە بارىسىز.

## سۆيمەيمەن

ئانىسى: بالام، تېز ئېرىتىپ يېگىدىن كەلگەن ئايال ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنى سۆيۈپ قوي.

بالىسى: سۆيمەيمەن. تۈنۈگۈن دادام ئۇنى سۆيگەندە بىر كاچات يېگەن ئىدى.

## «O» دىن باشلاش

دادا: ئېمتىھان باشلىنىپلا سەن «O» ئاپسەنغۇ؟

بالا: مۇئەللىم بىزگە ھەممە ئىشنى نۆلدىن باشلاش كېرەك دېگەن ئىدى.

## كىمنىڭ ئىشى

ئــايــال: ھــويۇ دادىــسى، قوشنىمىز ئېپكا بوشىنىدىغان بولۇپتۇ.

ئەر: بۇ ئۇنىڭ ئىشى.

ئــايــال: دادىـــــسى، ئــۇنىڭ دېپىشىچە بالا سىزنىڭ ئىكەن.

ئەر: بۇ مېنىڭ ئىشىم.

ئايال: ياراق، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن.

ئەر: بۇ سېنىڭ ئىشىڭ.

## دىئالوگ

ــ بىزنىڭ مۈشۈك سىلەرنىڭ كۆشۈكلارنى ئوغرىلىقچە يەۋالغان ئوخشايدۇ.

ــ ھېچقىسى يوق، بىزنىڭ ئىت ئۇ مۈشۈكنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، شۇڭا كەچۈرۈم سوراشقا تېگىشلىك ئادەم مەن.

ــ ئــۇنداقتا ياخشىغۇ، ھېلىراقتا ئوغلۇم ماشىنا ھــەيدەپ ســلــەرنىــڭ ئــىتنــى دەســسەپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

ـ ھە، ئۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزمىدى؟ مېنىڭ يولدىشىم ئۇۋۇ ملتىقى بىلەن ئۇنى ئېتىۋەتتى.

## ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئېلانى

ســۈت سودىگىرىنىڭ ئېلانى: «ئەگەر سىز زاۋۇتىمىز چىقارغان يېڭى سۈتنى توختاتماي 1200 ئاي ئىچسىڭىز، چوقۇم 100 ياشقىچە ئۆمۈر كۆرەلەيسىز!»

## كېسەل سەۋەبى

جونسۇن: نېمە ئۈچۈن لويىسنىڭ سالامەتلىكى ئىزچىل ياخشى ئەمەس؟

دوختــۇر: چۈنكى ئۇ دائىم باشقىلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرىدۇ!

## تېجەش

تام: دادا سىز ناھايىتى تەلەيلىك ئىكەنسىز.

دادىسى: قانداق تەلەي ئىكەن ئۇ؟

تام: سىز بۇ يىل ماڭا دەرسلىك كىتاب ئېلىپ بېرىشكە پۇل خەجلىمەيدىغان بولدىڭىز.

دادىسى: نېمە ئۈچۈن؟

تــام: مــەن يــەنــلا بــۇرۇنقــى يىللىقتا ئوقۇيدىغان بولدۇم.

كۈلكە خۇرۇچلىرى

## ئالتۇن ئىزدەش

— سىز ماڭا چوقۇم ئالتۇن تاپقىلى بولىدىغان يەرنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

— بولىدۇ.

— قەيەردە؟

— لوغەتنىڭ ئىچىدە.

## قىماردىن قول ئۈزۈش

— بۈگۈندىن باشلاپ ھەرگىز قىمار ئوينىمايمەن.

— مەن ئىشەنمەيمەن.

— ئىشەنمىسەڭ بىز 50 يۈەندىن دو قويۇشايلى.

## ئۇنتۇغاقلىق

— قەدىرلىكىم! ماڭا خوتۇن بولۇشنى خالامسىز؟

— بۇ تەلپىڭىزنى تۈنۈگۈن رەت قىلىۋەتتىمغۇ؟

— تۈنۈگۈنكىسى سىزمىدىڭىز؟

## ئالاھىدىلىك

ساتقۇچى: ۋەي، خانىم! بۈگۈن ئېتكەن شەھەرنىڭ غەربىدىكى كۆۋرۈك ئاستىدىن بىر ئەرنىڭ جەسىتىنى تېپىۋالدۇق، ئۇ سىزنىڭ ئېرىڭىز بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ بىرەر ئالاھىدىلىكى بارمىدى؟

خانىم: بار، ئۇنىڭ قۇلىقى گاس ئىدى.

## پۇل بولمىسا بولمايدۇ

نيۇ-يوركتا بىر ساياھەتچى يېرىم كېچىدە بۇلاڭچىغا يولۇقۇپ قاپتۇ. بۇلاڭچى ئۇنىڭغا قورال تەڭلەپ تۇرۇپ: «تېزدىن پۇلۇڭنى چىقار، بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن!» دەپتۇ.

«ئېتىۋېرىڭ ئەپەندىم.» ساياھەتچى قىلچە قورقمىغان ھالدا: «مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە نيۇ-يوركتا كاللا بولمىسا بولۇۋېرىدىكەن، ئەمما پۇل بولمىسا بولمايدىكەن» دەپتۇ.

## ئىش باشقۇرۇش

ئىككى ئەر ئائىلىدىكى باشقۇرۇش ھوقۇقى توغرىسىدا سۆزلىشىپتۇ.

ئا: مېنىڭ ئائىلەمدە ھېچقانداق ئىشنى باشقۇرۇش ھوقۇقۇم يوق.

ب: مەن ئائىلەمدە چوڭ - چوڭ ئىشلارنىلا باشقۇرىمەن، كىچىك ئىشلار بىلەن كارىم يوق.

# كۈلكە خۇرۇچلىرى

ئا: سەن قانداق چوڭ ئىشنى باشقۇرۇپ باقتىڭ؟

ب: مەن ئايالىم بىلەن تۇرمۇش قۇرغىلى ئون نەچچە يىل بولدى، لېكىن ئائىلەمدە ھېچقانداق چوڭ ئىش يۈز بېرىپ باقمىدى.

## كىيىم بەدىنىنى ياپالماسلىق

دادىسى: كونا جەمئىيەتتە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئىنتايىن ناچار ئىدى، قورساق تويمايتتى، كىيىم بەدەننى ياپالمايتتى...

ئوغلى: ھازىر بىزنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىمىزمۇ ئىنتايىن ناچار.

دادىسى: نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟

ئوغلى: قارىمامسىز ئاچامنىڭ بىلىكى ۋە يوتىسى ئوچۇق تۇرمامدۇ. (تۇرسۇنجان رەھىم -ت)

## ئارقىغا قايتۇرۇڭ

بىر پروفېسسور تاكسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپتۇ، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە شوپۇر پروفېسسورغا: «ئەپەندىم 12 يۈەن تاپشۇرۇڭ» دەپتۇ، پروفېسسور يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ بېقىپ ئەپسۇسلانغان ھالدا: «كەچۈرۈڭ ئەپەندىم ماشىنىنى ئارقىغا ياندۇرسىڭىز مەندە ئاران ئون يۈەن بار ئىدى» دەپتۇ.

## توڭلىتىپ قويۇش

كاسسىر: مەبلىغىمىزنىڭ ھەممىسى بانكا تەرىپىدىن توڭلىتىپ قويۇلۇپتۇ.

دىرېكتور: ئاجايىپ ئىش، بانكا پۇللارنى خەۋپسىزلەندۈرۈش ساندۇقىغا سالماي نېمىشقا توڭلىتىش ساندۇقىغا سالدىكىنە؟

## كىچىكنى يەيمەن

ئانىسى ئوغلىغا دەپتۇ: ئوغلۇم توڭلاتقۇدا يەنە ئىككى تال ئالما بار، سەن بىرنى ئېلىپ يېگىن. ئوغلى «ماقۇل» دەپ مېڭىشىغىلا، ئانىسى يەنە سوراپتۇ: «سەن چوڭىنى يەمسەن ياكى كىچىكىنىمۇ؟»

«كىچىكىنى يەيمەن»، «ئۇنداق بالام چوڭىنى كىمگە بېرىسەن؟»

ئوغلى دەپتۇ: «چوڭىنى مەن ئاللىبۇرۇن يەۋەتتىم».

# بىز «ھەممىدىن ياخشىسى» ـ سىلەرنى، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى تاللىدۇق!

ھاراق سۈپىتىنى باھالايدىغان خەلقئارالىق ئورگانلاردىن «ئالتۇن مېدال»، «ئالاھىدە ئالتۇن مېدال» دېگەنلەرنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولارمىش. كۈنىگە نەچچە قېتىم ماختىلىپ كېلىنىدىغان قولاق مېڭىسىنى يەيدىغان داڭلىق گىرىم-پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ بەزىلىرى گۈزەل قىزلارنىڭ ئايدەك رۇخسارىنى سەتلەشتۈرۈۋېتەرمىش؛ يالغان يامبۇ، يالغان چوكا ئالتۇن ساتقۇچىلارمۇ ساددا ئادەملەرنى ئالداپ، جانى «جىك» قىلىپ كۆرسىتىپ ھەسرەت-نادامەتتە قويارمىش. بىز بۇنداق ماختاپ ئۇچۇرۇش، داڭلاپ دەرد-پىغاندا قويۇشلارنى خېلى كۆپ كىشىلەردىن ئاڭلىغان ياكى گېزىتلەرنىڭ «ھەزەر ئەيلەڭ!» ستونلىرى ئارقىلىق كۆرگەن.

ئۆزىدە يوق سۈپەت گۈلدەستىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇچرىغانلا بىرسىگە قاش ئېتىپ، كۆز قىسىپ ئۆزىگە شېرىك، مىلىنغا خېرىدار، سودىسىغا بازار ئىزدەش ھەلەكچىلىكىدە جاھاننى رىقابەت جېڭى، ئېلان داۋرىڭىغا كۆمگەن ئالامانىڭ قارىشىسىدىن چىقىپ، ساددا ئەمما چىن لەۋزى بىلەن ئۆزىگە ئىشىنىش غورۇرىدا، مەردانە چاقىرىقتا جاكارلانغان مۇنۇ خىتاب 10 مىڭلىغان مۇشتىرى، 100 مىڭلىغان كىتابخانلارنى ئۆزىگە شەيدا قىلدى:

ـ بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،
ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن!...

شۇنداق، سىلەر «ھەممىدىن ياخشىسى»نى تاللاپ بولالمايسىلەر، چۈنكى بىرىنچىدىن تاللاپ ئۈلگۈرەلمەيسىلەر، ئىككىنچىدىن، «بىز ھەممىدىن ياخشى!» دەپ داۋراڭ كۆتۈرۈش ياخشىلارنىڭ ئەخلاقىي سۈپىتى ئەمەس. يىپەك يۇرتىنىڭ كىشىلىرى شۇنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەنكى، پىلە قۇرتى داۋراڭ سالمايدۇ، ئۇ ئۈن-تىنسىز مەشۇت بېرىدۇ. ماھىر ئۇستىلار ئۆز ھۈنىرىنىڭ كامالىتىنى توقۇپ چىققان ئېسىل شايى، ئەتلەسلىرى ئارقىلىق جامائەتكە جىم -جىم نامايىش قىلىدۇ.

سىلەر شۇنداق «جىم ـ جىم نامايىش» قىلىش يولىغا مەزمۇت قەدەم تاشلىدىڭلار. سىلەرنىڭ جاپالىق ئەجرىڭلارنىڭ سەمەرىلىك مېۋىسى بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىردىنبىر مەملىكەت دەرىجىلىك سىياسىي، نەزەرىيىۋى ئۇنىۋېرسال ژۇرنال بولۇش سۈپىتى بىلەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت گۈلزارلىقىمىزنى ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى، مول بىلىم بېرىش خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق بېيىتىپ رېئاللىقنى ئەينەن، مىللىي ئالاھىدىلىكنى كۈچلۈك، مەزمۇن دائىرىسىنى كەڭ قىلىپ، جانلىق باشقۇرۇلۇپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئەتراپىغا كۆرمىڭلىغان ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلدى.

بىز بۇ ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرىدىن پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىزچىللىشىش ۋە ئەمەلىيلىشىش جەريانىدىكى كونكرېت ئىشلارنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئېچىلىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى، پەن مەدەنىيىتى ۋە ھەر ساھە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش يولىدىكى ئىزدىنىشلەرنى، يېڭى-يېڭى ئىقتىسادىي ئۇچۇر، تەسەۋۋۇرلارنى، ئىقتىسادقا دائىر بىلىملەر، يېڭى مەسىلىلەر، يېڭى كۆز قاراشلارنى ئوقۇدۇق. بۇلا ئەمەس، بىز ژۇرنال سەھىپىلىرى ئارقىلىق دۇنيانى، ۋەتىنىمىزنى، ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى بىلىش-چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق. قىسقىسى، بىر مۇنچە «نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن؟»لەرگە ۋە «قانداق قىلساق، قانداق قىلساق بىزمۇ باشقىلاردەك...؟» دېگەن كونا چىگىش سوراقلارغا قىسمەن جاۋاب تاپتۇق! ئۆزىگە ئالمىچە ھەجۋىي، كۈلكە خۇرۇچلىرىنى جەم قىلغان قىزىقارلىق سوئال ھەم مۇناسىپ جاۋابلار ستونىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا ھاردۇقىمىز چىقىپ، كۆڭلىمىز يايراپ قالدى...

جاھان كەڭ، بىز بىلمەيدىغان ئىشلار جىق، بىز جاھان مۇئەممالىرى ئالدىدا گاڭگىراپ، ئۇنىڭ سىرلىق، كۈتۈلمىگەن جاۋابلىرىدىن ھەيران بولۇپ ئۆتمۈشىمىزنىڭ شەۋكەتلىك ياستۇقىنى قۇچاقلاپ، ئەتىنىڭ تەنتەنىلىك چاقىرىقلىرىدىن ئەيمىنىپ، «تۈنۈگۈن»گە تەۋە ئۆتمۈش

بىلەن كەلگۈسىگە تەۋە «ئەتە»نىڭ ئارىسىدىكى مۇشۇ بۈگۈننى «شۆكرى-قانائەت»كە كۆمۈپ يۈرگەن ئادەملەر.

بىز تۈنۈگۈنىمىزدىن شۆھرەتلىنىمىز، بۈگۈنىمىزدىن ۋايسىمايمىز، ئەتىمىزنى تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغدۇرالمايمىز. شۇڭا دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئاجايىپ رەڭگارەڭ تۇرمۇشى، قىزىقارلىق ئۆرپ-ئادەتلىرى بىزنى ھالڭ-تاڭ قالدۇرسا، ئالەمدە يۈز بېرىۋاتقان ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى ئاڭلاپ ھەيرانلىققا چۆمىمىز؛ قايسىبىر ئىشلاردىن ھەيرەتكە چۈشۈپ «تۇۋا...» دەپ ياقىمىزنى چىشلىسەك، يەنە قايسىبىر ئىشلاردىن چۆچۈيمىز. نېمىشقا؟ چۈنكى، بىز گەرچە «ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا»دا ياشاۋاتقان بولساقمۇ تۈرلۈك تارىخىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلى «ئېچىۋېتىلگەن دۇنيا» مىللەتلىرىدىن نۇرغۇن جەھەتلەردە كېيىن تۇرىمىز، شۇڭا بىز ئاڭ، بىلىم، چۈشىنىش... تەرەپلىرىدىكى نۇرغۇن ئىشلاردا يەنىلا ئۇچۇرغا، يېتەكلەشكە مۇھتاج!

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى بىزنىڭ بۇ مۇھتاجىمىزدىن چىقىدىغان بىردىنبىر ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى ئەلچى، يېتەكلىگۈچى! 50 مىڭ خېرىدارى بولغان بۇ ژۇرنالنىڭ مۇشتىرىسى بولغانلىقىمىز، يىلىغا يەتتە يۈەن 80 پۇڭ تۆلەپ ئۇنىڭغا يېزىلغانلىقىمىز دەل مۇشۇ مۇھتاجلىقنىڭ ۋەجىدىن!

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدىكى سۆيۈملۈك دوستلار، سىلەرنىڭ «تەۋسىيە»ڭلار بىزگە ياقىدۇ. يەنە بىر قېتىم تەكرار ئېيتىمىزكى: «بىز ھەممىدىن ياخشىسى» — سىلەرنى، سىلەرنىڭ ئەجرىڭلارنىڭ مەھسۇلى بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»نى تاللىدۇق! بىز ئەڭ ياخشىسى، نادىر ئەسەرلىرىمىزنى سىلەرنىڭ ژۇرنىلىڭلار، ياق، بىزنىڭ ژۇرنىلىمىز بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» سەھىپىلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزگە، مىللىتىمىزگە تەقدىم قىلىمىز!

ھۆرمەت بىلەن خوتەن ۋىلايىتىدىن:

روزى سايىت، ئابدۇللا سۇلايمان، ئابدۇرېھىم زۇنۇن، نۇرمۇھەممەت توختى، تەھرىرى: قەدىرىس بارات

# «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە

سىزلەرگە سالام يوللايمەن.

مەن ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ كونا مۇشتىرىلىرىدىن بىرى. مەن ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ ھەر سانىنى ناھايىتى قىزىقىش بىلەن باشتىن-ئاخىر ئوقۇپ چىقىمەن. ژۇرنالنى ياخشى چىقىرىۋاتىسىلەر. بۇ خىتىم بىلەن ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى چىقىرىلىشىغا تىلەكداشلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

ژۇرنالنىڭ 1994 - يىل 1 - سانىغا شائىر روزى سايىتنىڭ «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ماۋزۇلۇق بىر شېئىرىنى بېسىپسىزلەر، شېئىرنى ئوقۇپ چوڭقۇر تەسىرلەندىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ شېئىرنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە ئۆزۈمنىڭ تەسىراتىمنى بىلدۈرۈپ قىسقىغىنە بىر ماقالە يېزىپ ئەۋەتتىم. ئوقۇپ مۇۋاپىق بولسا، ژۇرنىلىڭىزلارنىڭ ئالدىمىزدىكى سانىدىن ئورۇن بېرىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: تىنىڭىزلەرگە سالامەتلىك، خىزمىتىڭىزلەرگە ئۇتۇقلار تىلەپ:

ھۈسەين ئەبەيدۇللا

# «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ماۋزۇلۇق شېئىر توغرىسىدا

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىلى 1 - سانىغا بېسىلغان شائىر روزى سايىتنىڭ «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم» ماۋزۇلۇق شېئىرىنى زور قىزىقىش، چوڭقۇر قايىللىق بىلەن بىر نەچچە قېتىم تەكرار ئوقۇپ چىقتىم. شېئىر بولۇپمۇ بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتى توغرىسىدا مېنىڭ كۆڭلۈمدە خېلىدىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن بەزى مەسىلىلەرگە، بەزى غەشلىكلەرگە شېئىرىي تىل بىلەن ناھايىتى توغرا جاۋاب بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر روزى سايىتنىڭ بۇ شېئىرىغا چوڭقۇر قايىللىقىمنى بىلدۈرىمەن، ئۇنى مەدھىيىلەيمەن.

روزى سايىت شېئىرىدا تىلغا ئالغان بۇ مىللەتنىڭ تارىختىكى شان - شەۋكىتى ۋە ھازىرقى ئەللىرى توغرىسىدا يازغانلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن، قىلچە ئاشۇرۇۋېتىلگەن ئەمەس. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، مىللىتىمىز تارىختا مەلۇم تۆھپە ياراتقان، ئالەمگە

تونۇلغان قەدىمكى مىللەت، روزى سايىت شېئىرىنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدا بۇنى مۇنداق شەرھلىدى:

«نەسەپنەكۆللى ئېتراپلىق مىللىتىم باردۇر،
ئوغۇز پۇشتى — مۇقامى كاتتىلىقتا زىننىتىم باردۇر.
يۈسۈپ - مەھمۇت كىتابىغا پۈتۈلگەن نى باھادىرلىق،
يەنە تاڭ قامۇسىدا قەيت ئەجىرلىك مېھنىتىم باردۇر.

مىللەتنىڭ تارىخىدىكى بۇ شان - شەۋكەتلەر ئۇنىڭ ئۆتمۈشىگە مەنسۇپ، بىزنىڭ ئۆتمۈش، تارىختىكى بۇ تۆھپىلەرگە مەست بولۇپ، ئالغا ئىلگىرىلىمەي، دەۋرگە، زامانغا ماسلاشماي، بىر ئىزدا توختاپ قېلىشقا ھەرگىز ھەققىمىز يوق ئىدى. روزى سايىت شېئىرىدا «قەدىم تۆھپە- يىراق ئۆتمۈشكە تالىق،ماختىناي قانداق» دەپ ناھايىتى توغرا كۆرسەتتى.

خېلىدىن بېرى، بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ جۇملىدىن مېنىڭ كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ كېلىۋاتقان مىللىتىمىزنىڭ بەزى ئىللەتلىرى خۇددى شائىر روزى سايىت مۇشۇ شېئىرىدا كۆرسەتكەن مەسىلىلەر ئىدى. مېنىڭ ئۇزاقتىن بېرى بايقىشىمچە، مىللىتىمىزدە ساقلانغان ئىللەتلەر: ئىتتىپاقسىزلىق، يۇرتۋازلىق، ھەسەتخورلۇق،خۇشامەتچىلىك، ئۆگىنىشكە، بىلىم ئېلىشقا ۋە ئالغا بېسىشقا ئىنتىلمەسلىك، ھورۇنلۇق، ئىرىشىپ بىرەر كەسىپ، بىرەر ئىختىساسلىقنى ئىگىلەپ ۋەتەنگە، مىللەتكە كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا ئىنتىلمەسلىك، هاراقخومارلىق، چېكىدىن ئاشقان مېھماندارچىلىق، ئويۇن- تاماشىغا بېرىلىش ۋە باشقىلار. بۇنىڭدىن 60 نەچچە يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىللەتنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىللەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىن رەنجىپ، مىللەتنى بۇ ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇشقا ئۈندەپ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان ۋە بۇ ئىللەتلەر مىللەتنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىققا ئېرىشىش يولىدىكى مۇھىم توسالغۇ دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ ئىللەتلەر باش كۆتۈرۈپ يامراپ، بەزىلەرنىڭ كۆز پەردىلىرىنى توسۇپ كۆرۈش - سېزىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرغاچقا، يامان ئىللەتلەردىن يىرگىنىش كەيپىياتى تۆۋەنلەپ، يامان ئىللەتلەرنىڭ بازىرى كېڭەيدى. شۇڭا روزى سايىتنىڭ شېئىرىدا ئېيتقاندەك:

«« جاھان نەدە، ئۆزى نەدە»؟ بۇنى ئويلايدىغانلار ئاز،
ھەجەپ ئىش، پەيلى - خۇيدا بەخىراماللىقتا
يۈزلەندى.
پاسون - مودا كىيىم - كېچەك نۇسخىسى سۆھبەتتىكى
ماۋزۇ،
ياسانماقنىڭ غېمى ھالى پەرىشانلىقتا يۈزلەندى.»

پۈتۈن دۇنيا تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىۋاتىدۇ، بىزنىڭ مەملىكىتىمىز ئىسلاھات نۇرىدا ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، ئالغا كەتكەنلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا. ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر كەمبەغەللىك، قالاقلىقنى تۈگىتىپ، ئىقتىساد، مەدەنىي- مائارىپ، پەن - تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان ئىلغار مىللەتلەردىن بولۇشقا تىرىشماقتا. ئەگەر مىللىتىمىزدىكى بۇ يامان ئىللەتلەر ھەممە يەردە ئومۇمىيۈزلۈك بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مىللەتنىڭ تېنىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مىللەتنىڭ سۈپىتىگە ۋە روناق تېپىشىغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى چەكسىز. ھازىر بۇ زىياننى يەتكىدەك تارتىۋاتىدۇ. تېزدىن تۈگىتىلمىسە، ئۇ تارىختىكىگە ئوخشاشلا، ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىمىزغا، سوتسىيالىستىك ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشىمىزغا ئېغىر پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. بۇ مۇشۇ مىللەتكە مەنسۇپ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئويلىنىشىغا تېگىشلىك جىددىي مەسىلە. رەھبىرىي كادىرلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، تېخىمۇ شۇنداق.

شائىر روزى سايىت شېئىرىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇنۇ مىسرالار كىشىنى بەكمۇ خۇشال قىلىدۇ، مىللىتىمىز تېنىگە چاپلىشىۋالغان ئىللەتلەرنى تېزدىن تۈگىتىش ئىرادىمىزنى كۈچەيتىدۇ، ئۈمىدۋارلىق بېغىشلايدۇ.

«مۇسەننىپ، بول ئۈمىدۋار، مىللىتىڭ ئىقبالىدا
ياشنايدۇ،
تېپىپ بىرلىك كۈچىدىن كۈچ قەدەمنى پۇختا
تاشلايدۇ.
ئۇنى ئويغاتتى ئىسلاھات تېگى، غاپىللىقى يۈتكەي،
ئەمەس ئانچە ئۇزاق توي مەزگىلى، مەشرەپمۇ
باشلايدۇ.

(ئاپتور: پېشقەدەم كادىر، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى)

تەھرىرى: ئىدرىس بارات


قىسقا دوكلات

# 1994 第 3 期要目


## ●特稿

司马义·艾买提谈在市场经济中加快民族地区发展……
层层抓落实　再上新台阶……陈　虹
加强信息工作，为民族工作服务……江家福
对民族宣传工作若干问题的思考……李晋有

## ●民族与自治地方

藏族和藏族自治地区……

## ●民族政策常识

民族区域自治的概念和自治区域机构的权力……

## ●论坛

民族意识与现代意识……阿布都克力木·热合曼

## ●民族与风俗

维吾尔风俗与伊斯兰教教规的关系和区别……阿布都瓦力·阿木提
维吾尔族人名之意……木塔力甫·斯迪克
多浪人的婚俗……吐尔逊别克·伊布拉音

## ●民族宝库

高昌回纥王朝时期的散文体和翻译作品……伊明江·艾合买德
皮窝子……艾合买德江
作客常识……阿布都扎伊尔
新疆葡萄史话……阿布力孜·穆汗莫德
帔皮医疗法……艾海提巴克

## ●世界民族

世界人类学家的大盛会……
印地安人与马……

## ●读者来信

我们挑选了你——《民族团结》杂志……肉孜·沙伊提等
试论《啊，我的民族》一诗……玉斯音·艾拜都拉

## ●画页

封面：致富之路……亚力坤摄
封二：全国人大会议略影……吐尔迪·买提尼亚孜
中心彩页：银道禄摄影作品选登
彩背一：南疆农村巴扎……杜寿泉摄
彩背二：维吾尔书法……阿力·阿布都热依木
封三：鹰笛……陆红画
封四：静……喻非卿摄



民族团结

（维吾尔文）

●主编
伊德里斯·巴拉提

●副主编
艾克巴尔·艾力

●责任编辑
哈米提·尼格买提

●出版
中国民族团结杂志社

●编辑
民族团结杂志社维编部

●地址
新疆乌鲁木齐市友好南路22号
邮政编码：830000

●印刷
新疆日报社印刷厂

●发行
乌鲁木齐市邮局

●订阅
全国各地邮局

●国外总发行
中国国际图书贸易总公司
国外代号：BM178U

●全国统一刊号
CN11——1557

●邮政发行代号
58——117




1. بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا، پامىر ئېگىزلىكىدە ۋافا ئىسىملىك بىر ئوۋچى يىگىت ئۆتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ بىردىن بىر ھەمراھى 100 ياشقا كىرگەن بىر بۈركۈت ئىكەن.



3. بۈركۈت بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ: «ۋافا، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، دەرھال مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، پەي سۆڭىكىتىن نەي ياسىغىن، ۋاقتى كەلگەندە ھەممىگە ئېرىشىسەن» دەپتۇ.



2. بىر كۈنى، قۇلدار ئۇنىڭ بارلىق ئوۋلىرىنى بۇلاپ كەتكەنلىكى ئۈستىگە، ئۇنىڭ بۈركۈتىنىمۇ بۇلىماقچى بوپتۇ. يىگىت غەزەپ ئوتىنى باسالماي ھوشىدىن كېتىپتۇ...



5. ۋافا نەينى چاپتۇ، شۇ زامان بىر توپ بۈركۈت ئۇچۇپ كېلىپ، قۇلدارنىڭ كۆزىنى چوقۇپ كېتىپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن تاجىكلار بۈركۈت نەي چالىدىغان بولۇپتۇ.



4. ۋافا كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا بۈركۈتنى ئۆلتۈرۈپ، بىر نەي ياساپتۇ.




《民族团结》维吾尔文版 ‹قوش ئايلىق ژۇرنال› «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»
定价：1.30元
باھاسى 1.30 يۈەن